ئىسلام گۈلىستانى

# ئالىيجاناب خۇلقلار

(مەكارىمۇل-ئەخلاق)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئالىيجاناب خۇلقلار

(مەكارىمۇل ـ ئەخلاق)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

崇高是人生追求：维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-780-1

Ⅰ. 崇… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族—谚语—汇编—中国—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024496 号

**从书名** 经典之花系列丛书
**本册书名** 崇高是人生追求
**策划** 穆拉提·伊力
**主编** 阿迪力·穆罕默德
**编著** 穆罕默德吐尔逊·斯迪克
**责任编辑** 艾尼瓦·库迪力克
**特约编辑** 哈斯亚提·依不拉音
**责任校对** 克尤木·吐尔逊
**出版** 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社
**地址** 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
**邮编** 830000
**发行** 新疆维吾尔自治区新华书店
**印刷**
**开本** 880×1230 毫米 1/32
**印张** 3
**版次** 2009 年 3 月第 1 版
**印次** 2009 年 3 月第 1 次印刷
**书号** ISBN ISBN 978-7-80744-780-1
**定价** 9.90 元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com


مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى

كىتاب ئىسمى: ئالىيجاناب خۇلقلار

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: مۇھەممەت تۇرسۇن سىدىق

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق

تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم

مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

باسقۇچى:

فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 3

نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN ISBN 978-7-80744-780-1

باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋرىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئالىيجاناب خۇلقلار» دېگەن كىتابتا 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب خاندەمىرنىڭ ھاياتى ۋە تەلىم ـ تەربىيىگە دائىر يازغان «مەكارىمۇل ئەخلاق» دېگەن ئەسىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

# بوۋامنىڭ نەسىھەتلىرى

بوۋام پەرىشتىدەكلا ئادەم. مېھرى ئىسسىق، قولى ئوچۇق، گەپ ـ سۆزى مېغىزلىق، نەزىرى كەڭ، بىلىم ئىقتىدارى يەتكۈچە. كىشىلەر بوۋامنى «دېگىنى بىلەن قىلغىنى بىر يەردىن چىقىدىغان، ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق ئايرىيدىغان، خەير ـ ساخاۋەتنى قولدىن بەرمەيدىغان، پەزلۇ كامالەتتە يېتىشكەن، ھەقىقىي ئىمان ـ ئېتىقادلىق ئۆلىما» دەپ چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلىشىدۇ. ئەنە ... شۇ تاپتا ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى كوچىدا پېشىن نامىزىدىن يانغان بىر توپ جامائەتنىڭ ئالدىدا بېشىغا قاردەك سەللە ئورالغان دوپپا كىيگەن، پاكىز، ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىنى ياپقان، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، قىزىللىقىنى يوقاتمىغان يۈزلىرىدىن مېھرىلىك تەبەسسۇم ئارىلاش قەتئىيلىك يېغىپ تۇرىدىغان، ئاق كۆڭلىكى ئۈستىگە مەللەرەڭ يەكتەك، ئاستىغا ئاق رەختتىن تىكىلگەن تامبال، پۇتىغا نېپىز قارا خۇرۇمدىن تىكىلگەن يازلىق كەش كىيگەن ھالدا يېشى يەتمىشلەردىن ھالقىغىنىغا قارىماي، تېتىك، مەزمۇت قەدەم سېلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئاپئاق سىيما — پەرىشتە سۈپەت ئۆلىما مېنىڭ بوۋام.

مەن تۆت بىر تۇغقان — ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز ئىچىدىكى ئوغۇلنىڭ چوڭى بولۇپ، ئايغىم يەرگە تەگكەن —

ئەمچەكتىن ئايرىلغان چېغىمدىن تارتىپلا بوۋامنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇنىڭ يېنىدا چوڭ بولغانىدىم. ئەقلىمگە كېلىپ بىلسەم، بىزنىڭ جەمەتىمىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن باشلاپ ئىلىم ـ مەرىپەتكە كۆڭۈل قاراتقان، ۋۇجۇد دەرىخىنى ھالال مېھنەت ـ ئەمگەك تەرى بىلەن ياشنىتىپ، كۆڭۈل خەزىنىسىنى پاكلىق، ھالاللىق گۆھەرلىرى بىلەن تولدۇرغان ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت جەۋھەرلىرى بىلەن بېزىگەن، باشقىلارغا ئېغىرلىقىنىمۇ سالماي، بېقىندىمۇ بولماي، ئۆز روزغارلىرىنى ئۆزلىرى تەۋرىتىپ ۋە كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ دىلىغا ئىلىم چىرىغىنى ياندۇرۇش، جامائەتنىڭ مۇسۇلمانچىلىق پەرھىزلىرىنى ئادا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتەك مەشغۇلاتلار بىلەن يۇرت ئىچىدە يۇقىرى ئابروي ـ ئىناۋەت قازىنىپ ياشاپ كەلگەنىكەن. كىچىكىمدىنلا بوۋامنىڭ مېنى ئۆز يېنىغا ئەكېلىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ، مېنى ئۆزى تەربىيىلەپ، ئەدەپ ـ قائىدە ئۆگىتىپ ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىلىتىپ، جەمەتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىس قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى ئىكەن...

شۇنداق قىلىپ، مەن بوۋامنىڭ يېنىدا چوڭ بولدۇم. ئۈچ يېشىمدىن باشلاپ بوۋامدا، يەتتە يېشىمدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم. ھېلىھەم تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتىمەن.

يېشىمنىڭ چوڭىيىشى، تونۇغان ـ بىلگەنلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە، بولۇپمۇ بوۋامنىڭ ماڭا بولغان تەربىيىسىنى ھەرقاچان بوشاشتۇرماي تۇتۇشىغا ئەگىشىپ، مەندە ئەدەبىيات بىلەن تارىخقا بولغان قىزىقىش ئالاھىدە ئېشىپ باردى. شۇڭا

www.uyghurkitap.com

مەن مەكتەپتە باشقا دەرسلەرنىمۇ ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئەدەبىيات ۋە تارىخقا ئائىت كىتابلارنى تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن كۆرىدىغان، كىتاب - ماتېرىيال كۆرۈشتە دەرسلىك ماتېرىيال بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بولدۇم. ئۆيگە قايتقاندىمۇ كۆپ قىسىم ۋاقتىمنى بوۋام بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتىم.

بوۋام بىلەن بولىدىغان سۆھبىتىمىزدە ئۇنىڭ ماڭا كۆپرەك تەكىتلەيدىغىنى ئىلىم بىلەن ئەدەپنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە سۆزلىگەندە:

— ئوغلۇم، ئىنسان بالىسى ئىلىم بىلەن ئەدەپكە ھەرقاچان ئۆزىنى يېقىن تۇتمىقى كېرەككى، ئىلىم بىلەن روھىي دۇنياسىنى بېيىتىپ، ئەقىل كۆزىنى ئېچىشى؛ شۇنىڭدەك، ئەدەپ بىلەن ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ھەركىتىنى توغرا يولغا سېلىشى لازىمدۇر. ئىنسان بالىسىنىڭ دۇنيادا ئەزىز ۋە مۇكەررەم بولۇشىغا مۇشۇ ئىككى نەرسىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقانلىقى سەۋەب بولسا، خار ۋە بىئېتىبار بولۇشىغا بۇ ئىككى نەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى سەۋەب بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۆھتەرەم ئابدۇقادىر داموللا جانابلىرى ئۆزىنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەپ — ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن مۆتىبەر ئەسىرىدە:

تەڭرىنىڭ ئىنسانغا كۆپتۇر تارتۇقى،
ئەقىل ۋە ئەدەپتىن يوقتۇر ئارتۇقى.
ئەقىل ۋە ئەدەپ ھەر ياشنىڭ جامالى،
ئۇنىڭسىز بولماس ھاياتنىڭ كامالى.

پەزىلەت كۆپ ئېرۇر بۇ ئالەم ئارا،
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇلئەلا.
ئىلىمدۇر بىباھا قازىسا پۇتمەس كان،
ئىلىمدىن باشقىسى كىمگە ئەسقاتقان؟
ئىلىملا ئىجاتلىق بېرەر مەڭگۈلۈك،
بىلىملىك ھاياتتۇر، جاھىللار ئۆلۈك.
ئى ياش بىل، جاھىللىق نومۇستۇر بىشەك،
نادانلىق زۇلمىغا رازىدۇر ئېشەك!

دەپ تولىمۇ ئېنىق كۆرسەتكەن. جاھان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ تا مۇشۇ كەمگىچە دۇنيادا سانسىزلىغان ئالىم ـ ئۆلىمالار ياشاپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزى ئىگىلىگەن ئىلىمگە يارىشا ئەخلاق ـ پەزىلەتلىكلىكى، ئىلىمگە ئۆزى باش بولۇپ ئەمەل قىلىشتا ھەر قاچان سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇش بىلەن مىسلىسىز شان ـ شۆھرەتكە، ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە ئېرىشىپ تاكى بۈگۈنگىچە نامى ئۆچمەي كەلگەن. يەنە بەزىلىرى بولسا خېلى يۇقىرى ئىلىم ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تەكەببۇر، بەتپېئىل بولۇپ، ئۇلاردا ئىلىم بولسىمۇ پەزىلەت بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن ئىلمى ھاياتلىقىدا پەقەت ئۆزىنىڭ جېنىنى بېقىشقىلا ئەسقاتقان. ئۇلاردىن ئەخلاق ـ پەزىلەت بابىدا ھېچ نەرسە قالمىغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ نامى ئۆچكەن... بەس ئوغلۇم، ھەرقاچان ئېسىڭدە بولغايكى، ئۆگىنىشتە ئىلىم بىلەن ئەدەپنى ھەرگىزمۇ ئايرىۋەتمە، ھەر ئىشتا دىگىنىنىڭ بىلەن قىلغىنىنىڭ بىر يەردىن چىقسۇن، بۇ باتتا ھەر قاچان ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى ئۈلگە قىل... — دەيتتى.

مەن ئەلىشىر نەۋائىي دېگەن بۇ بۈيۈك زاتنىڭ بوۋامدىن ئاڭلىغانلىرىم ۋە كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىمغا ئاساسەن بۇندىن بەش يۈز يىللار ئىلگىرى ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يەتكەنىدىم. ئەمما بەش يۈز يىلنىڭ مابەينىدە خەلقىمىز تەرىپىدىن ئۇنتۇلماي ئېغىزلاردا زىكرى قىلىنىپ، كىتابلاردا خاتىرىلىنىپ، قەلبلەردە يادلىنىپ، ھېلىھەم ھايات ياشاۋاتقاندەكلا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ھاياتىنى تەپسىلىي بىلىش ئىستىكى مېنى بۇ ھەقتە بوۋامدىن يەنە سوراشقا ئۈندىدى.

— بوۋا، ئاشۇ ئالىيجاناب پەزىلەت ئىگىسى بولغان ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز ، — دېدىم مەن بىر كۈنى بوۋام بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ.

— بولىدۇ، ئوغلۇم، نەۋائىي ھەزرەت ھەققىدە سۆز ئېچىش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر ئىلگىرىكى تارىخىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياننى بىلگەن ئادەم ھەم تارىختىن ھەم ئەدەبىياتتىن خېلى مۇكەممەل ساۋاتقا ئىگە بولالايدۇ. تارىخمۇ، ئەدەبىياتمۇ ئىنسان بالىسىنىڭ ھاياتىدا ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەردۇر. مەن ساڭا داۋاملىق تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىدىن ئەدەبىيات دېگەن ئىلىم مەيدانغا كەلگەن. ئەدەبىيات شۇنداق بىر ئىلىمدۇركى، ئۇ ئادەمگە دۇنيانى ۋە ئىنساننى چۈشىنىشنى ئۆگىتىدۇ. ئادەمنىڭ قەلبىنى پاكىزلاپ، توغرا ئېتىقاد ۋە ئەقىدە يېتىلدۈرىدۇ، ئەدەپ ـ پەزىلەت ئۆگىتىدۇ؛ رەزىللىك بىلەن

گۈزەللىك ۋە ئالىيجانابلىقنى پەرق ئەتكۈزىدۇ؛ تارىخ ئىلمى بولسا بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي ھاياتلىق يوللىرىنى، قايغۇ بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن قىسمەتلىرىنىڭ سىرلىق سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. قىسقىسى، ئەدەبىيات بىلەن تارىخ ئادەمنىڭ روھىنى تاۋلايدۇ، ئادەمگە تەجرىبە ئۆگىتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات بىلەن تارىخ ھاياتلىقتا ئۆگىنىدىغان زۆرۈر ئىلىملەردىن سانىلىدۇ. ئەمدى سەن بىلمەكچى بولغان ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەت ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي. بۈنىڭدىنمۇ سەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالىسەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالىيجاناب ئەخلاق ئىگىسى

ھىجرىيىنىڭ 844 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى[1] قىشنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شاملى قەدىمىي شەھەر ھىرات كوچىلىرىدا ئۇچماقتا. پادىشاھ سارىيىدا ساراي خىزمەتلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان غىياسىددىن قىيا ئېچىلغان ساراي ئىشىكىدىن تارتىنچاقلىق بىلەن قاراپ ئىشارەت بىلەن ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان قېيىنىنىسى ياش يىگىت ئەلىنى كۆردى ۋە «سەل توختاپ تۇر» دېگەندەك ئىشارەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئالدىراتتى. بىر ئازدىن كېيىن سارايدىكىلەر چىقىپ كېتىشتى. ئەلى سارايغا كىردى ـ دە، تۇزۇت قىلىپ تۇرماستىن ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن:

—— خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، ئاكا، ئاللاتائالا سىزگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى... —— دېدى. غىياسىددىن خۇشال بولغىنىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى ـ دە:

—— باركاللا ئىنىم، —— دېگىنىچە بېلىدىكى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن كەمىرىنى ئەلىنىڭ بېلىگە باغلاپ قويدى. بۇ چاغدا غىياسىددىنىنىڭ ئىشىمۇ تۈگىگەن بولۇپ، ئىككىيلەن سارايدىن بىللە چىقىپ ئالدىراش ھالدا غىياسىددىنىنىڭ ئۆيىگە —— دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ يېنىغا مېڭىشتى...

---

[1] مىلادىيە 1441 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

غىياسىددىننىڭ ئائىلىسىگە ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن بۇ بوۋاق كېيىنكى چاغلاردا مەشھۇر شائىر، ئالىيجاناب ئىنسان سۇپىتىدە نامى تارالغان ئەلىشىر نەۋائىي ئىدى. غىياسىددىن پادىشاھ سارىيىدا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، بىر سۆزلۈك ۋە قەتئىيلىكى، شۇنداقلا ھەربىر ئىشنى چوڭقۇر مۇلاھىزە بىلەن ئويلاپ، ئاقىلانە تەدبىر يۈرگۈزۈش بىلەنلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ مەرىپەت سۆيەرلىكى، ساراي ئىچى ۋە تېشىدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلىلىرى ئالىملار، شائىرلار ۋە باشقا سەنئەتكارلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى بىلەن يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىدە پات ـ پاتلا ئالىملار ۋە شائىرلار سۆھبىتى قىزىپ كېتەتتى. كىچىك ئەلىشىرنىڭ باللىق چاغلىرى ئەنە شۇنداق قويۇق ئىلىم مۇھىتىدا ئۆتكەن ۋە كېيىن ھىرات مەدرىسىلىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مۇدەررىسلەرنىڭ تەربىيىسىدە شاھزادە ھۈسەيىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تەربىيىلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدى.

ئەلىشىرنىڭ ئەقىل كۆزى ئېچىلىپ، ئۆزى مۇستەقىل بىرەر مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى يېتىلىشكە باشلىغان چاغلىرىدا ئاتىسى ئۇنىڭ تەبىئىتىدە شېئىرغا مايىللىقنى بايقىغان ئىدى. ئەلىشىر بولسا بۇ چاغدا ئۆزى قىزىققان ئىشقا بېشچىلاپ كىرىپ كەتكەن ۋە خېلى كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ، ئەينى زامانىنىڭ تونۇلغان شائىرلىرىدىن مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلارنىڭ نەزىرىنى تارتىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى غىياسىددىن ئۆزى شېئىر يازمىغان بىلەن خېلى ـ خېلى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ ئالدىراپ مۇئەييەنلەشتۈرمەيدىغان، شېئىرلاردىكى

هاياجانلىق تىل بوياقلىرىدىن كۆرە مېغىزلىق پىكىر دۇردانىلىرىنى، زورۇقۇپ - چىڭقىلىپ ئېيتىلغان ئارتۇقچە مۇبالىغىلىق، مەدھىيە - خۇشامەت تىزمىلىرىدىن كۆرە، ھەقىقەتكە مايىل، راست گەپ قىلىنغان شېئىر پەزىلەتلىرىنى ئەزىزلەيدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەلىشىرگە باشقا گەپ قىلماستىن پەقەتلا:

— سۆيۈق مىجەز، مەدھىيىۋاز شائىر بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلە، يازمىلىرىڭدىن ئىلاھىي ھەقىقەتكە بولغان ساداقەت، ئىنسانىي مېھىر - ۋاپا، پاكلىق سادالىرى ئاڭلانسۇن، ئازغۇنلار ئۇنىڭدىن توغرا يولنى كۆرسۇن، ئۈمىدسىز - نىمجانلار ئۇنىڭدىن كۈچ - جاسارەت تاپسۇن، يازغىنىڭ بىلەن قىلغىنىڭ بىر يەردىن چىقسۇن، ئىلمى بار ئەمىلى يوق قۇرۇق ۋەز - نەسىھەتچى بولۇشتىن ساقلان. يازغىنىڭغا ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئەمەل قىل. زۇلۇمغا ۋە ساختىلىققا چاپان ياپما، ئابرۇيىنى ھەقىقەتكە، توغرىلىققا ھامىي بولۇشتىن ئىزدە! — دېدى.

ئون بەش يېشىدىن باشلاپ سۇلتان ئوبۇلقاسىم بابۇر خىزمىتىگە كىرگەن ئەلىشىر خىزمەت ئورنىغا بالدۇر كېلىپ، ئۆزىگە تەقسىم بولغان ۋەزىپىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئورۇندايتتى. ئوردىدىن قايتقانلىرىدا بولسا خاس خانىسىغا بېكىنىپ كىتابلىرى ئارىسىغا چۆكەتتى. تەپەككۇر قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ، ئىلھام بۇلاقلىرى قايناپ تاشقانلىرىدا شىرە ئالدىغا كېلىپ ئاپئاق قەغەز يۈزىگە شېئىر دۇردانىلىرىنى نەقىشلەشكە باشلايتتى. ئۇ ئۆزى خالاپ تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىدا «نەۋائىي»، پارس تىلدىكى شېئىرلىرىدا «فانىي» تەخەللۇسىنى ئىشلەتتى. ئەلىشىر ئون ئالتە ياشقا كىرگىنىدە ئاتىسى

غىياسىدىن ۋاپات بولدى، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل ئېغىر يۈكلىرىنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرۈشكە، دولقۇنلۇق ئېقىنلىرىدا ھوشيارلىق، چەبدەسلىك بىلەن ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. تېخى كىچىك ئىنىسى بىلەن ئاجىز ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشمۇ ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن يىلى سۇلتان ئوبۇلقاسىم بابۇرمۇ ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان سۇلتان ئەبۇسەئىد ئوردىدا ئۆز مەفكۇرىسىغا مۇۋاپىق تەرتىپ ئورنىتىپ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىدە بولغان كۆپلىگەن ئىقتىدارلىق ئوردا كىشىلىرىنى ئوردىدىن چەتلەشتۈرىدۇ. جۈملىدىن، تېمۇرىيلەر ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن خەۋپلىك ھېسابلاپ، ئۇلارنى چەت ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىۋېتىدۇ. ئەلىشىرمۇ بۇ چاغدا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ھىراتتىن مەشھەدكە كېتىدۇ. ئۇ مەشھەدكە شۇ بارغىنىچە سەككىز يىل تۇرۇپ قالىدۇ. سەككىز يىل جەريانىدا ئۇ باشقا ئىشلاردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىجادىي مەشغۇلاتنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا باش چۆكۈرۈپ ئىجتىھات قىلىدۇ. شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھالدا شائىرنىڭ نامى تېخىمۇ مەشھۇر بولۇپ ئەتراپقا تارقىلىدۇ. بۇ چاغدا سۇلتان ئەبۇسەئىد ئۆزىگە مايىل بولمىغان شائىرنىڭ مەملىكەت تەۋەسىدە نام ـ شۆھرەت قازىنىپ كېتىشىگە چىدىماي، ئەمدىلا مەشھەدتىن ھىراتقا قايتىپ كەلگەن شائىرنى سەمەرقەندكە ئەۋەتىۋېتىدۇ.

ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانلار ئارىسىدىكى ئادالەتسىزلىك، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم، شاھ سارىيىدىكى ئەيش ـ ئىشرەت، بۇزۇقچىلىقلار ئەۋجىگە چىققان، خەلق تۇرمۇشى خارابلىشىشقا

يۈزلەنگەن، مەنىۋى ھايات جاھالەتكە يۈز تۇتۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرى خارلانغان ۋەزىيەتتە ئەلىشىر نەۋائىي سەمەرقەندتىمۇ باشقا ئىشلارغا قىزىقماي، مەشھۇر قانۇنشۇناس ئەبۇلەيس سەمەرقەندىي ئەۋلادلىرىدىن بولغان مەشھۇر مۇدەررىس خوجا جالالىدىن فەزلۇللاھ ئەبۇ لەيسنىڭ قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئىلىم تەھسىلىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىي مەشغۇلاتىنىمۇ داۋام ئەتكۈزىدۇ.

مەيلى ھىراتتا ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىدا بولسۇن ياكى مەشھەد بىلەن سەمەرقەندتە ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىدا بولسۇن، دائىملا ئادالەت بىلەن ھۆرلۈكنى، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن خەلقچىللىقنى تەرغىب قىلىپ، ئاۋامنىڭ تىنچلىق - خاتىرجەملىكى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن يۈرىكى سۇ بولۇپ كەلگەن شائىر قانداقلا بولمىسۇن مەملىكەتتە ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆرلۈك - ئازادلىقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىچىمىزدىن كۈچلۈك، ئادالەتپەرۋەر ھۆكۈمران بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايتتى ھەم دوستى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئەنە شۇ خىلدىكى ھۆكۈمران بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلانغان دوستلۇقى ۋە ھۈسەيىن بايقارانىڭ شائىرلىق ئىستېداتى نەۋائىينىڭ بۇ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ: «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ، قەغەز يۈزىدە شېئىر جېڭى قىلدىم، قەغەز يۈزىدىكى جەڭ بىلەنلا ئەلدە ھۆرلۈك - ئازادلىق ئورنىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى قەلەم تۇتقان قولۇمغا قىلىچ ئېلىپ، ئاتنى ئېگەرلەپ، ئەلدە ئادالەت ئورنىتىش جېڭىگە تەييارلىنىشىم

كېرەك. شۇندىلا مېنىڭ يازمىلىرىمدىكى ئادالەت دەۋايىم ھەقىقىي مەنىسىنى تاپىدۇ...» دەپ ئويلىدى ـ دە، بۇ قېتىم ئىككىلەنمەيلا ئەمدىكى سىياسىي پائالىيىتىنى ھۆسەيىن بايقارا تەرەپتە تۇرۇپ ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن باشلىدى. شائىر بۇ مەۋقەسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇپ ھەقىقىي خەلقپەرۋەر شائىر، ئادالەتپەرۋەر دۆلەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھايات كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

مىلادىيە 1469 ـ يىلى خۇراساندا ھۆسەيىن بايقارا تەختكە چىقىپ، ھاكىمىيەت يەنە تېمۇرىيلەر ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا قارار تاپتى. ياندۇرقى يىلى سۇلتان ھۆسەيىن بايقارا نەۋائىينى ئوردىنىڭ باش مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى، كېيىن يەنە ئۇنىڭغا ئەمىرلىك ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ ئەمدى ھۆسەيىن بايقاراغا تېخىمۇ سادىقلىق بىلەن ئىشلىدى. ھۆسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغان بولسا ئۇنى مۇستەھكەملەشكىمۇ شۇنچىلىك كۈچ قوشتى. ئۇ: «كۈچلۈك، ئادالەتپەرۋەر پادىشاھ مەملىكەت خەلقىگە تىنچ، ھۆر ھايات ئاتا قىلالايدۇ» دەپ قارايتتى.

ھۆسەيىن بايقارا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مانا شۇ دەۋردە ھىراتتا ناھايىتى كۆپ شائىرلار، ئالىملار ۋە سەنئەتكارلار يېتىشكەن ۋە كامال تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شۇ دەۋر مەدەنىيەت تارىخىنى نۇرلاندۇرغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئەنە شۇ ئەھلى پازىللارنىڭ ئۇستازى ۋە ھىمايىچىسى خۇراسان دۆلىتىدە ئەڭ ئابرۇيلۇق شائىر ۋە ئوقۇمۇشلۇق دۆلەت ئەربابى ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەت ئىدى. ئۇنىڭ ئارامبەخش شېئىرلىرى خەلققە روھىي ئوزۇق بېرىپلا قالماستىن، ھۆسەيىن

بايقارا تەختكە چىققاندىن كېيىن، نەۋائىينىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ئاتا مىراس مال ـ مۈلكى ۋە يەر ـ زېمىنلىرى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە يەر ـ زېمىنلىرىدىن كىرگەن دارامەت ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان جامائەت قۇرۇلۇشلىرىغا، جۈملىدىن ئېرىق ـ ئۆستەڭ، يول ـ كۆۋرۈك، مەسچىت ـ مەدرىسە، شىپاخانا ۋە ساراي ـ قونالغۇلارنى سېلىشقا ئىشلىتىلگەن، يېتىم ـ يېسىرلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىنغان ئىدى. ئېيتىشلىرىچە، نەۋائىي ھەزرەتنىڭ بارلىق يەر ـ زېمىن، سۇ ۋە مال ـ مۈلكىدىن ھەر كۈنى ئون سەككىز مىڭ تىللا مىقداردا دارامەت كىرىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ساخاۋەت ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنىدىكەن.

شائىر يەنە مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلىشنى قولدىن بەرمىگەچكە، ناھايىتى كۆپ ئىستېدات ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىپ، ئىلمىي، ئىجادىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. نەۋائىي ھىراتتا قۇرغان كۈتۈپخانىغا زامانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلىلىرى، مەشھۇر شائىرلار، تارىخچىلار، خەتتاتلار ۋە نەققاشلار جەلپ قىلىنغان. بۇلار ئىچىدە نەۋائىي ھەزرەتنىڭ ھامىيلىقىدا ئەمىرنىڭ تەكلىپى ۋە يول كۆرسىتىشى، يېتەرلىك ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىشى، جۈملىدىن كۈتۈپخانىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇپ كەڭتاشا پايدىلىنىشقا مەرھەمەت قىلىشى نەتىجىسىدە بۈگۈنكى كۈندە تارىخ ئالىملىرى تەرىپىدىن «دۇنيا تارىخلىرى ئىچىدىكى ئىناۋەتلىك كىتاب» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان يەتتە توملۇق مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «رەۋزە تۇسسافا ـــ ساپالىق باغ» نىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندشاھ ـــ

مىرخاندنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر.
يىراق قەدىمكى زاماندىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان دۇنيا تارىخى مۇپەسسەل بايان قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك بۇ ئەسەرنىڭ بېشىدا مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتنىڭ تەشەببۇس ـ رىغبىتى ۋە ھىممەت ـ ياردىمى بىلەن روياپقا چىققانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتىپ مۇنداق يازغان:
«پۈتۈن كائىناتنى ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە سىرلىق قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئاجايىپ ھېكمەت ۋە ئىنتىزاملار ئىچىدە ياراتقان جانابىي ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا بولسۇن ۋە ئىنسانلارنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ توغرا يولغا ۋە ئەركىن، بەخت ـ سائادەتلىك ۋە يۈكسەك ئەخلاقلىق ھاياتقا باشلىغان پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستافاغا دۇرۇت ۋە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان بارلىق ئەسھابلىرى ۋە مۇجتەھىد ئۆلىمالارغا خۇدانىڭ رەھمەت ۋە سالامى بولسۇن. خۇداغا شۈكرىكى، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە دۆلىتىمىز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئادالەت، ئىنساپ ۋە ھەقىقەت بىلەن ئىجرا قىلىشتىلا ئەمەس، خەلقىمىزنى مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە مۇۋاپىق سىياسەت، قانۇن ـ ئىنتىزاملار بىلەن قورقۇنچىسىز، غەم ـ ئەندىشىسىز ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ياشلىرىمىزنىڭ دىن، ئەخلاق، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن تەربىيىلىنىشىگە مەدەت بېرىۋاتقان جانابىي ئادىل ئەمىر، ھەسەپ ۋە نەسەپتە ئۇلۇغ پەزىلەت ئىگىسى؛ دىن ۋە مىللەتنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى؛ يۇرت ئىچىدە ئادالەت، ئىنساپ ۋە ھەقىقەتچىلىكنىڭ بايرىقىنى تىكلىگۈچى؛ سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئىشەنچلىك كىشىسى؛

www.uyghurkitap.com

مەملىكەتنىڭ دانا ۋەزىرى، چوڭ ۋە كىچىكلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغۇچى؛ دىن، دۇنيا ۋە خەلقنىڭ تۈزۈم ـ ئىنتىزاملىرىنى توغرا تەرتىپكە سالغۇچى جانابى ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ پەزلى ـ ئىنايىتى ۋە چوڭ ياردىمى بىلەن ‹رەۋزە تۇسسافا› تارىخىنى يېزىشقا كىرىشتىم...».

مىرخاند ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزباسار نەۋرىسى، مەشھۇر تارىخچى خاندەمىرمۇ ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىنى باشقۇرغان ۋە ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئوندىن ئارتۇق تارىخىي كىتاب يازغان. ئەنە شۇ تارىخچى خاندەمىر ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھى كۈچلۈك، يۈكسەك تالانت ـ ئىقتىدارلىق بولۇش بىلەن كىشىلىك دۇنيانىڭ ئەركىنلىكى، ئىنسانىي ھوقۇق ۋە ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ تەرەققىياتى، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ راۋاجى، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ ئەھلى ئەۋلادىنى دىنىي ئىسلامنىڭ ئېسىل ئەدەپ ـ ئەخلاقى، گۈزەل تۇرمۇش، ئەركىن، شاد جەمئىيەت روھىدا كامىل ئىنسانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش يولىدا سەرپ ئەتكەن ھېسابسىز ئىجتىھات ـ غەيرەتلىرى، ئىقتىساد ـ ھىممەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خەيرلىك نەتىجىلىرى ھەققىدە «مەكارىمۇل ئەخلاق — ئالىيجاناب ئەخلاق» نامىدا مەخسۇس بىر كىتاب تەسنىف قىلىپ، نەۋائىي ھەزرەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئىنسانىي خىسلەت ـ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىش ـ مەدھىيىلەشكە بېغىشلاپ، بۈيۈك شائىرنىڭ پەزىلىتىگە يادنامە قىلىپ قالدۇردى...

# ئالىيجانابلىق تەۋسىپى

— ئوغلۇم، قايسىدۇر بىر ئالىم «ياخشىلىق مۆجىزە يارىتىدۇ» دەپ ئېيتقان ئىكەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بوۋام، — دەرۋەقە، ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ ھەرقانداق ئىنسانىنى قايىل قىلغان غەرەزسىز ياخشىلىق ـ ئىلتىپاتلىرى ۋە ھىممەت ـ ساخاۋەتلىرى ئەينى زاماندا خۇراسان مەملىكىتى تەۋەسىدە شاھتىن ـ گادايغىچە ھەممەيلەننى تەسىرلەندۇرۇپلا قالماي، نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلىك قۇرۇلۇش ـ ئىنشائاتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن، تالاي مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا زېمىن ھازىرلىغان. نەۋائىي ھەزرەتنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ ئالدىدا غادىيىۋالمىغانلىقى، مال ـ دۇنيا، بايلىق ئالدىدا كېرىلىپ كەتمىگەنلىكى؛ ئەمەل ـ مەنسەپنىمۇ، بايلىقنىمۇ ئاۋامنىڭ بەخت ـ سائادىتى، خۇشاللىق، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىقىدىن ئۇنىڭ كامىل ئىنسانلىق سۈپىتىنى ھازىرلىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

دۇنيادا مۇنداق كىشىلەرگە ئاتاپ قانچىلىك كىتاب يازىسىمۇ ئەرزىيدۇ. «مەكارىمۇل ئەخلاق» كىتابى نەۋائىي ھەزرەتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنىڭ گۈزەل تەۋسىپى بولۇپ، ئېيتىشلىرىچە، شۇ زاماندا خۇراساندا ئەڭ باي ھېسابلانغان نەۋائىي كۈتۈپخانىسىنىڭ ئاچقۇچى خاندەمىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان ئىكەن. نەۋائىي خاندەمىرنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىدىن

دائىم خەۋەر تېپىپ تۇرىدىكەن. خاندەمىرمۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنىڭ پىلانلىرىنى نەۋائىي ھەزرەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرىدىكەن. خاندەمىر ھەربىر ئىلمىي ئىجادىي ئىشىدا نەۋائىي ھەزرەتنىڭ مەنپەئەتلىك تەشەببۇسى ۋە ياردەملىرىگە ئېرىشكەچكە، بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ يازغانلىقىنى ئۆزىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر تارىخىي ئەسىرى «ھەبىبۇس — سىيەر — دوستلار تەرجىمىھالى» دا مۇنداق ئەسكەرتىپ ئۆتكەن: «ئۇشبۇ كىتاب ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يۈكسەك پەزىلەتلىرى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقى، شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلىرى... ھەمدە قۇردۇرغان ئىمارەتلىرىنى تەۋسىپ قىلغۇچى مەخسۇس رىسالە بولۇپ، ھىجرىيە 906 - يىلى[1]، يەنى مىرئەلىشىر ۋاپات ئەتكەن يىلى تەھرىر يېپىغا تىزىلغان ئىدى.»

پۈتكۈل ھاياتى بىر گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆرنىكى بولغان ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئىنسانىيەت ئالەمىدە ھەقىقىي ئىنسانىي قىممەتنىڭ، ئادىمىي ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلغان ئۇلۇغۋار سىيما بولۇپ، ئۇنىڭ شەنىگە ئاتالغان مۇبارەك «مەكارىمۇل ئەخلاق» كىتابى بۈيۈك ئىنسانىنىڭ پەزىلەتلىرىنى زامانلاردىن زامانلارغا يەتكۈزۈپ كەلدى. «مەكارىمۇل ئەخلاق» نىڭ سەھىپىلىرى تارىخىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن بىر رېئال شەخسنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئۈلگە بولارلىق ھايات يولى ھەققىدە جانلىق ھېكايە قىلىدۇ. قېنى، ئەمدى بىز بۇ سەھىپىلەرنى ۋاراقلاپ كۆرەيلى...

[1] مىلادىيە 1501 - يىلى.

# مەكارىمۇل ئەخلاق

(ئالىيجاناب خۇلقلار)

## مۇقەددىمە

... ئۆتكۈر كۆز ئىگىلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا مەخپىي ۋە يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق ئاسمانىنىڭ قۇياشى، دۇنيا ئۇلۇغلىرىنىڭ پېشۋاسى، ياخشى خۇلقلار مەنبەسى... ئىلىم ۋە ئىرپان ئىگىلىرىنىڭ ناماياندىسى، ھەقىقەت ۋە ئىشەنچ ئەھلىلىرىنىڭ قىبلەسى، خاقان دۆلىتىنىڭ تايانچىسى ۋە ھەزرىتى سۇلتان (ھۇسەيىن بايقارا) نىڭ يېقىنى، ئالىي ھەزرەت ئەمىر ئەلىشىرنىڭ... ئۇزلۇكسىز مېھرىبانلىقلىرى شولىسى، ئىلتىپات ۋە غەمخورلۇقلىرى ئاپتابى «خاندەمىر» دەپ شۆھرەت قازانغان بۇ پېقىر بەندە ۋە ھېقىر زەررە غىياسىدىن ئىبن ھۇمامۇددىن بېشىغا توپلاندى، بەلكى ۋۇجۇد نىھالى ياشلىقىدىن تاكى يىگىتلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ ھەزرەتنىڭ لۇتفى - ئېھسان ئېرىقلىرى بويىدا ياشناپ ئۆستى. «نېمەت بەرگۈچىگە شۈكرانە ئېيتماق لازىم» دېگەن سۆز تەقەززاسى بويىچە ھەر دائىم ئۇنىڭ بەرگەن چەكسىز نېمەتلىرىنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن «قانداق خىزمەتكە بەل باغلىسام بولاركىن؟» دېگەن پىكىر كۆڭلۈمدىن ئايلىنىپ، خاتىرەمدىن كېچىپ تۇراتتى.

ئاخىر، يول كۆرسەتكۈچى ئەقىل جان قولاقىغا ئېيتتىكى، ھەممىلا جەھەتتىن خەير ـ ئېھسان ئىگىسى بولمىش بۇ ئادىل ئەمىرنىڭ ياخشىلىقلىرى زىكرى ۋە تەۋسىپىنىڭ ساداسى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە يېيىلغان ۋە ئادەم باللىرى ئارىسىدا تىلدىن ـ تىلغا ئۆتۈپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن، چېھرىلىرىدىن ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەكلىك نۇرلىرى پارلاپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇشبۇ قۇدرەتلىك ۋە بەختلىك ئەمىرنىڭ ياخشى ئەخلاق ۋە گۈزەل ئەدەپلىرى پەزىلەتىدىن، شۇنىڭدەك مۇبارەك ئەھۋاللىرى ۋە مەقبۇل ئادەتلىرىدىن، گۈزەل ئەھۋاللىرى ۋە ئاجايىپ ۋەقەلىرىدىن، سېپھىردەك تەسىرچان خاس تەبئەتلىرىدىن ۋە لەتىفىلىكلەر (گۈزەللىك) گە بېزەل بەرگۈچى دۇردانە سۆزلىرى نەتىجىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پارچىلارنى تەرتىپكە سېلىپ شەرھلەنسە، ھەق ئۆتەش ۋەزىپىلىرى بىر ئاز بېجىرىلگەن ۋە زەررىچە بولسىمۇ، توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئالىي ھەزرەت نېمەتلىرى شۈكرانىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىلغان بولۇر ئىدى.

بۇ گەپ شۇنىڭغا سەۋەب بولدۇكى، تا قىيامەتكىچە ۋە قىيامەتتىمۇ ئۇلۇغ ھەزرەتنىڭ ياخشى ئىشلىرى ۋە يېقىملىق پېئىللىرىنىڭ زىكرى زامان سەھىپىلىرىدە، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ۋاراقلىرىدا مەڭگۈ قالغان بولاتتى.

چۈنكى، ياخشى نام قالدۇرۇشنى ئىككىنچى قېتىم ئۆمۈر سۈرۈش دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ؟

شۈبھىسىزكى، مەن قۇلبەچچەنىڭ ئۇ ئۇلۇغلۇق ئاسمىنىنىڭ قۇياشىنى ماختاشتىن ئۆزگە ھۈنىرىم بولمىغانلىقىدىن خالىس دۇئادىن ئۆزگىنى تاپالماي، كۆڭلۈمدىكىلەرنى يېزىشقا كىرىشتىم ۋە بۇ پارچىلارنى بىر مۇقەددىمە، ئون مەقسەت ۋە بىر خاتىمە

بىلەن تەرتىپكە سېلىپ «مەكارىمۇل ئەخلاق (ئالىيجاناب خۇلقلار)» دەپ ئاتىدىم.

ئەمما ئۇشبۇ ئەسەر ئاققا كۆچۈرۈلۈشى ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ پەيزىلىك نەزەرلىرىگە مەنزۇر بولۇشتىن ئاۋۋال بۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ سەزگۈر قۇلاقلىرىغا: «ئەي ئارام ئالغۇچى نەپس، ئۆمرۈڭ توگىدى، ئەمدى رازىلىق بىلەن رەببىڭگە قايت» دېگەن نىدا يېتىشتى ۋە ھەق چاقىرىقىغا «لەببەي» جاۋابىنى بېرىپ، ئەزىز روھلىرىنىڭ قۇشى مۇقەددەس گۈمبەزگە جايلىشىشنى ئىختىيار قىلدى.

بۇ قايغۇلۇق ۋەقەنىڭ تەشۋىشى مەن بىچارىنىڭ جېنىغا ئىزتىراپ كەلكۈننى ئاققۇزدى. چىداپ بولغۇسىز بۇ ھادىسىنىڭ دەھشىتى ھەيرەت ۋادىسىدا ئاۋارە بولغان بۇ غېرىبنىڭ كۆزلىرىنى خىرە قىلدى.

يارەب، قانداق قىلاي، بۇ غەمنى كىم بىلەن بىللە كۆرەي، بۇ ماتەمنى دىلدىن نېمە بىلەن چىقىراي. ھەيرەتتە قالغانمەن، شۇندىن باشقىنى بىلمەيمەنكى، پۈتۈن ئالەمگە جان ئالغۇچى مۇسىبەت چۈشتى. قول ئىشتىن، تىل بولسا سۆزلەشتىن تامام توختىدى. ئۆزىنى يوقاتقان كۆڭۈل سەبرۇئارامدىن ئاجراپ تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى.

نەزم:

غەملىرىڭ مۇشكۇلىدىن پەرياد ئەي دىل،
بولدى ھەممە غەيرەتلىرىڭ بەرباد ئەي دىل.
ئۇمىدىڭ تەلپىي يولىدا بۇ كۆز —
جىگەر قېنىدىن باشقىنى تۆكمىدى، ئەي دىل.

ئاخىر، ئۆزۈمنى ئۇمىدلەندۈرۈپ شۇنىڭغا قارار بەردىمكى، ئول

زات ھەققىدە يېزىپ قويغانلىرىمنى ئاققا كۆچۈرەي ۋە ئۇ بەرىكەت چاچقۇچى زاتنىڭ خەستىلىك ۋە ۋاپات كەيپىياتىنى بايان لەۋھەسىگە نەقىش قىلاي دېدىم. قەغەز مۇلايىملىق كۆرسىتىپ، سىياھ راۋان قۇيۇلۇشقا باشلىدى. قەلەم شۇ سۆزلەرنى بايان قىلماق ئۈچۈن تىلغا كىرىپ دېدىكى: بىر مۇنچە مۇددەت سېنىڭ پىكرىڭ گۈزەل نەتىجىلىرىنى مۇشكى ئەنبەر بىلەن پەرۋىشلەپ، ئاق قەغەز يۈزىدە جۇلالاندۇردۇم. ئاقىۋەتتە تىلەك دەرىخى ھەسرەت ھاسىلىنى بېرىپ، خاتىرىنى — ئۇ ئەندىشىلەر داغدۇغىسىنى بىردىنلا توختاتتىم. چۈنكى ئېنىق بىلىمەن: بۇندىن كېيىن ھەربىر چوڭقۇر ئويلىغۇچى پىكىر ئىگىسى ئۆز كۆڭلىنىڭ يوشۇرۇن ئۆيىدە يېقىملىق، گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ھەمئاھاڭ بولغاندا، شۇ ۋاستە بىلەن بالاغەت چىمەنىنىڭ تۇتىلىرى بۇلبۇل كەبى ھەمجۆرە بولۇپ سايرىغاندا، زامان دۈشمەنلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە مەدەتكار دوستلارنىڭ كەملىكىدىن قىممەتلىك ئۆمۈرلىرىنى مۇشۇ ئەستىلىكلەرنى ئوقۇشقا سەرپ قىلغۇسى.

## جاھان ئۇلۇغلىرى مەدەتكارىنىڭ سائادەتلىك تۇغۇلۇشى ۋە گۈزەل خۇلقلىرىنىڭ بايانىدا

دۇنيا ۋە دىنغا ياردەم بەرگۈچى خاقان شاھرۇھ[1] سۇلتاننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋە سۇلتانلىق زامانىدا دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپى ۋە ھەر بۇرجىكى ئۇنىڭ ئەل ۋە ئېھسانىنىڭ پەيزىدىن جەننەت كەبى كۆركەملەشكەن ئىدى. دەل شۇ زاماندا ئىززەت ۋە

---

[1] شاھرۇھ — ئىسمى مىرزا مۇھەممەددىن بولۇپ، ئەمىر ئۆمەرنىڭ 4 - ئوغلى. خۇراسانغا 42 يىل (ھىجرىيە 850 — 808) ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

ئىقبال گۇلشەنىدە تىنچلىق ۋە ئارزۇ مېۋىلىرى ھاسىل قىلىدىغان بىر دەرەخ كۆكەردى ۋە ئاسماندا ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ، مۇرادتىن بەختكە چۆمگەن كۆزلىرى روشەن بولدى. يەنى ئالىي مەرتىۋىلىك، ھىدايەت نەسەبلىك، پاكىز تەبىئەتلىك، ساپ نىيەتلىك، سەلتەنەتنىڭ تايانچىسى، مەملىكەتنىڭ تۈۋرۈكى، خاقان دۆلىتىنىڭ ياردەمچىسى، سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ يېقىن دوستى 844 - يىلى 17 - رامزان ئېيىدا (توخۇ يىلىدا) يوقلۇق دۇنياسىدىن بارلىق ئالىمىگە قەدەم قويۇپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە پارلاق چېھرى بىلەن يەر يۈزىنى بېزىدى.

لۇتۇف ۋە مەرھەمەت بەلگىلىرى ئۇنىڭ مۇبارەك چېھرىلىرىدە جىلۋە قىلاتتى. ياخشى خۇلقلىرىنىڭ نىشانلىرى ئۇنىڭ پارلاق پېشانىلىرىدىن ئايان ئىدى. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئوچۇق يۈزلىرىدىكى نۇرلار ئەقىل قۇلىقىغا شۇنى يەتكۈزدىكى، ئۇ ئاز ۋاقىتتا پەزلۇ كامال ئورنىنى مۇبارەك ئايىغى بىلەن زىننەتلەيدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بەلەن مەرتىۋىلىك زاتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئېھسانلاردىن شۈكرىلەر ئېيتىپ، نەزىر ۋە سەدىقىلەر قىلىشقا باشلىدى. زىياپەت ۋە توي مۇراسىملىرىنى، شادلىق ۋە خۇرسەنلىكلەر لاۋازىملىرىنى ئادا قىلىشتى. ئۇ ئالىي زاتنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا ئېيتقان ئاجايىپ سۆزلىرىنى ئىشتكۈچىلەر ھەيرانلىق دېڭىزىغا چۆمەر ئىدى. ئاتىسى ئۇلۇغ نامدار، ساھىبقىران سائادەتلىك ئۇلۇغ پادىشاھ مىرزا سۇلتان مۇھەممەت بايقارا ۋە باشقا يېقىن قېرىنداشلىرى بۇ بۈيۈكلۈك دەرىخىنىڭ غۇنچىسىگە ھەمىشە مېھىر ۋە شەپقەت كۆزى بىلەن قارايتتى ۋە ئىلھامبەخش سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ياخشى ئۈمىدلەر باغلاپ مۇھەببەت ۋە مەرھەمەت بىلەن تەربىيە قىلىشاتتى.

ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ يورۇق نۇقتىسى بولغان ئۇ زاتنىڭ

يېشى تۆتكە يەتكەندە ئۇنى تەربىيە قىلىش ۋە ئاڭا قاراش ئۈچۈن قازى مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغۇچى، ئاسمان مەكتەپلىرىگىمۇ مۇئەللىم بولالايدىغان ساپ دىللىق ئۇستا ۋە تەجرىبىلىك بىر ئەدىبكە تاپشۇرۇلدى. ئۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ساھىبقىران[1] بىلەن بىرلىكتە مەكتەپتە دەرس ئوقۇشقا باشلىدى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن پات پۇرسەتتە دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە شېرىكلىرىدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى تەبىئەتنىڭ نازۇكلۇق، ساپلىق ۋە ساغلاملىق شۆھرىتى ئەتراپقا يېيىلدى ۋە مۇبارەك پىكىرلىرىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدىكى تەرىپلەر خەلق ئارىسىدا تارقالدى. يازغان خەتلىرى ئاسمان قەغەزلىرىنى مەرۋايىت كەبى زىننەتلەيتتى، تۈزگەن نەزم جاۋاھىرلىرى قىممەت باھالىق سەدەپ دۇرلىرىدىن قېلىشمايتتى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەرھەمىتىنىڭ ھىممىتىدىن بەخت ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ دىماغلىرى خۇشبۇي بولدى ۋە ئېھسانلىق خۇلقىنىڭ يېقىملىق شاماللىرىدىن بىلىم ۋە سەنئەت ئىگىلىرىنىڭ ئۈمىد ۋە ئارزۇ دەرەخلىرى باراقسان بولدى. ئۇنىڭ بەختلىك ۋە مۇبارەك تۇرمۇشىدا «مەكارىمۇل ئەخلاق – ياخشى خۇلقلار» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئايان بولدى. مەكارىمۇل ئەخلاقنى ئۇ ئۆز تۇرمۇشىغا پۈتۈنلەي تەتبىق قىلدى.

بىرىنچى مەقسەت، ئەقىل ۋە ئىدراكنىڭ شەرەپ ۋە دەرىجىسى ھەققىدە

قايسى جايدا ئەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىكەن، مۇنداق جايدا توغرا ئىش بولمايدۇ، چۈنكى ئەقىلنىڭ ھىدايىتى — يول كۆرسىتىشى بىلەن ياخشى بىلەن يامانىنىڭ، پايدا بىلەن زىيانىنىڭ،

[1] ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەڭتۇشى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

توغرا بىلەن خاتانىڭ پەرقى مەلۇم بولىدۇ. ئەقىل يول كۆرسەتكۈچى ۋە ئىشىك ئاچقۇچىدۇر، ئۇ ئۇلۇغ پادىشاھلارنىڭ تاجىدۇر، نامدار كىشىلەرنىڭ زىننىتىدۇر. ھەر قانداق كىشىنىڭ ئەقلى بولمىسا، ئەقىللىق كىشى ئۇنى ھوشيارلاردىن ھېسابلىمايدۇ.

ھەقىقەتەن بۇ نازۇك جەۋھەر ھەركىمنىڭ دىماغ خەزىنىسىگە كىرسە، ئۇنىڭ كۆڭۈل ۋە كۆزلىرىگە مىڭلاپ مەنە خەزىنىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ھەر كىشىنىڭ مۇبارەك دىلىدا جاي ئالسا پىكىر نەزىرى بىلەن ئۇنىڭدىن جاھالەت داغلىرىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ.

تەڭرىگە ھەمدلەر بولسۇنكى، بىلىم ۋە كامالەت ئەھلىلىرىنىڭ دانالىق كۆزلىرى بۆيۈك ۋە مېھرىبان تەڭرىنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىق ئەھۋال سەھىپىلىرىدە، گۈزەل ۋە نازۇك سۆزلىرىدە ئەقىل ۋە تەدبىر نۇرلىرىنى، ئاڭ ۋە پىكىر نىشانلىرىنى شۇ رەۋىشتە ئايان قىلىدۇكى، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ سۆزلەش ۋە تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇزاقنى كۆرگۈچى ئەقىلنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دۆلەت ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىنىدى، ئەقىلنىڭ نۇرى بىلەن ئېغىر قىيىنچىلىقلار يەڭگىللىدى. بۇ دەۋالارنىڭ توغرىلىقى ۋە بۇ مەنىلەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئاڭلايمىز.

## ھېكايە

مىرزا يادىكار مۇھەممەد پايتەخت ھىراتنى بېسىۋالغان پەيتتە سۇلتانى ساھىبقىران (ھۇسەيىن بايقارا) زامان تەقەززاسىغا كۆرە، مەيمەنە[1] ۋە فورياب[2] تەرەپكە ئەۋەتىۋېتىلدى. ئۇ بىر كۈنى شۇ

[1][2] ئافغانىستاندىكى جاي ئىسىملىرى.

ۋىلايەتتە تەدبىرلىك ۋە يول كۆرسەتكۈچى ئەمىرنى يوشۇرۇن بىر جايغا چاقىرىپ، مەسلىھەت بىلەن ئاغا شۇنداق دېدى: «مەلۇم بولۇشىچە تۈركمەنلەر پايتەخت ھىراتتا زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بايرىقىنى تىككەنمىش. مىرزا يادىكار مۇھەممەد بولسا فەراغەت ۋە غەپلەتتە كەيپۇ ساپا چىرىغىنى ياندۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئويلايمەنكى، ئەگەر سىز مۇۋاپىق كۆرسىڭىز ئۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلساق، بەلكىم ئىشىمىز ئىلگىرى بېسىپ، ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ ئامانىتى بولغان پۇقرا زۇلۇم چاڭگىلىدىن قۇتۇلار ئىدى.» ئانھەزرەت بۇ پىكىرنى ماقۇل تېپىپ، ئۇنى مۇمكىنقەدەر يوشۇرۇن تۇتۇشنى ئېيتتى ۋە ئىلھام بەرگۈچى تىل بىلەن: «ئەگەر بۇ سۆز ماڭمۇ ئېيتىلمىسا ياخشىراق بولۇر ئىدى» دېدى.

سۇلتانى ساھىبقىران سورىدى:

— بۇ ھەقتە شۇ قەدەر مۇبالىغە ۋە تەئكىد قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئالىيجاناب ئەمىر مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ سۆزلەرنى يوشۇرۇن تۇتۇش بەكمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى ھەر كۈنى بىزنىڭ بىر گۇرۇھ كىشىلىرىمىز يادىكار مۇھەممەد مىرزا تەرەپكە قېچىپ ئۆتمەكتە. ئۇلار بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشتىنمۇ قىممەتلىكرەك سوۋغا تاپالمايدۇ. ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەسكى، بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى سېزىپ قالسا، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرىدۇ، بەلكى بۇ تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتىشىمۇ مۇمكىن.

قىسقىسى، بۇ گەپلەردىن كېيىن ساھىبقىران تېزلىك بىلەن ھىرات تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. بەلەند مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ مەسلىھەتلىرىگە مۇۋاپىق تاكى لەنگەرى بۆكەنگە يەتكىچە بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى. پەقەت شۇ مەنزىلگە يەتكەندىلا ئاندىن باشقا ئەمىر ۋە ئەركان دۆلەتنى بۇ يۈرۈشتىن خەۋەردار قىلدى. ھەممىسى خۇرسەند بولدى. ئەمما كۆپچىلىك سۇلتانلار

يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىشىك ئالدى بوش قالغاندا، چۈش پەيتىدە باغى زەغەنغە كىرىش كېرەك، دېگەن پىكىردە ئىدى. تەدبىرلىك ئەمىر ئەلىشىر بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرمىدى ۋە دېدىكى: «ئەڭ ياخشىسى، باغقا كېچىدە كىرەيلى، چۈنكى كۈندۈزى بولسا مىرزا يادىكار مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ قېلىپ، تېزلىك بىلەن تەييارلىق كۆرۈشى، شۇنىڭ بىلەن ئىش بىزنىڭ مۇددىئايىمىزدىن باشقىچە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دۈشمەن كېچىسى بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ قالسىمۇ تېزلىكتە توپلىنالىشى ناتايىن. ئىككىنچىدىن، مەقسىتىمىز يورۇقتا چىقمىغان تەقدىردە كۆز ئالدىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپكە چېكىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. ئەكسىچە كۈندۈزى بۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ».

سۇلتانى ساھىبقىران بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، كېچىسى باغى زەغەنغە كىردى، ساپ كۆڭۈللۈك ئەمىرنىڭ تەدبىرلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. «خۇلاسە تۇلئەخبار» دا يېزىلىشىچە: «مىرزا يادىكار مۇھەممەد قولغا چۈشۈپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى».

ئىلىم ئىگىلىرىگە ئايانكى، يىرتىلىش دېڭىزىدىكى سەدەفلەر ئىچىدە گۈزەل ۋە پايدىلىق ئىلىم گۆھەرلىرىدىنمۇ قىممەت باھالىقراقى يوقتۇر.

شۇ سەۋەبلىك توغرا يولنى تاپقان ئەمىر بالىلىق چاغلىرىنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆمرىنىڭ پەيزلىك چاغلىرىنى پۈتۈنلەي ئىلىم ۋە سەنئەت ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. ھەر تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ھەرخىل پەنلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئازغىنە ۋاقىتلىرىنىمۇ بىھۇدە ئۆتكۈزمىدى. ھاياتىنىڭ ئەڭ ياخشى چېغى بولغان

يىگىتلىك پەيتلىرىنى ئاتاقلىق ئالىملار ۋە هۈنەر ـ سەنئەت ئۇستازلىرى توپلانغان هىرات شەهرىدە زور غەيرەت ۋە ئىجتىهات بىلەن تۈرلۈك كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزانىڭ پادىشاهلىق دەۋرىدە دىن ۋە پەن ئىلىملىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەنلىكتىن «ئىككىنچى ئەبۇ ئەلى سىنا» لەقىمىنى ئالغان خوجا فەزلۇللاھ ئەبۇلەيسىنىڭ ئالدىغا ـــ سەمەرقەندكە بېرىپ ئۇنىڭ هۇزۇرىدا ئىلىم ئۆگەندى. خوجا جانابلىرى ئالىي هەزرەتنىڭ ئۆتكۈر زېھنىلىك ئىكەنلىكىنى هەرۋاقىت ماختايتتى هەم باشقا تالىپلاردىن ئۇنى ئارتۇق كۆرەتتى. سۇلتان ئەبۇسەئىد يوقلۇق ئالىمىگە كۆچكەندىن كېيىن هىرات مەركىزىگە خۇشخۇلق ساهىبقىران سەلتەنەت ۋە ئىقبال بايرىقىنى تىكلىدى. بۇ چاغدا ئالىي هەزرەت بۇ قەدىرلىك شەهەرگە مۇبارەك قەدىمىنى باستى. بۇ يەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلۈپ، شەۋكەتلىك پادىشاهنىڭ نائىبى، هۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ رەهبىرى، ئاۋامنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى هەل قىلغۇچى، مەملىكەت ۋە مىللەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغۇچى، دىن ۋە دۆلەت ئەهۋالىنى ئىنتىزامغا قويغۇچى سۈپىتىدە بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ بارچىسىنى بېجىرىش بىلەن بىرلىكتە ئالاهىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ، كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىپ ئىگىلىگەن ئىلىملىرىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنكى، «بىر نەرسىنى جىددىي تەلەپ قىلغان كىشى ئۇنى جەزمەن تاپىدۇ» دېيىلگىنىدەك، ئۇنىڭ پاك، پارلاق ۋە پەيزىلىك دىلىغا دۇنيادىكى هەممە نەرسىلەر نەقىش قىلىنغان ئىدى. ئۆتمۈش ئالىملىرى پىكىرلىرىنىڭ خۇلاسىلىرى ئۇنىڭ پىكىرلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىر نەمۇنە، كېيىنكى زامان ئالىملىرى پىكىرلىرىنىڭ پاكىزلىقى ئۇنىڭ پارلاق يۇلتۇز كەبى

روشەن ئەسەرلىرىدىن بىر نىشان ئىدى. دانىشمەن ئالىملار ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئالىي مەجلىسىدە ساپ تەبىئىتىنىڭ يارقىن سەھىپىلىرىدىن پايدىلىناتتى. مەشھۇر سەنئەت ئىگىلىرى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ مۇبارەك نىشانلىق پەيزىلىك زىلچىسىغا ئولتۇرۇپ، جەۋاھىر سۆزلىرىنى تىڭشايتتى ۋە مەنپەئەتلىنەتتى.

ئىككىنچى مەقسەت، ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئالىملارنىڭ مەرتىۋىسى ھەققىدە

ھەقىقەت ۋە ئىشەنچ ئەربابلىرىنىڭ قىبلىسى بولغان بۇ زات زەپەرلىك ساھىبقىراننىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئاتاقلىق ئالىملار ۋە ھۆرمەتكە لايىق فازىل كىشىلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە مەرتىۋىلىرىنى ئۈستۈرۈشكە قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، تەلەبەلەرنىڭ تىنچ - تەشۋىشسىز ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا نەپىقە بەلگىلەپ، مەدرىسە ۋە خانىقالار بىنا قىلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئىخلاسىيە مەدرىسەسى: ئىنجىل ئېرىقى بويىدا ناھايىتىمۇ زىبۇ زىننەتلىك ياسالغان ئىخلاسىيە مەدرىسەسى سېلىنىدى ۋە 906 - ھىجرىيە (مىلادىيە 1500 – 1501) يىلىدا مول بىلىمگە ئىگە دانىشمەنلەردىن تۆت نەپىرى ئول شاراپەتلىك جايدا دەرس بېرىش بىلەن مەمنۇن بولۇپ پەخىرلەندى ۋە ئۇنىڭ ۋەقپىسىدىن كۆپ نەسىب ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: ئەمىر بۇرھانىددىن ئەتائۇللاھ نىشا پۇرىي، قازى ئىختىيارىددىن ھەسەن تۇربەتىي، ئەمىر مۇرتەزا، مەۋلانە پەسھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي.

خەلاسىيە خانىقاسى: يۇقىرىدا زىكىر ئېتىلگەن مەدرىسەنىڭ قارشىسىدا بولۇپ، غايەت گۇزەل ۋە كۆركەم قۇرۇلغان. بۇ يەردە ھەم يىرىك ئالىملاردىن ئۈچ نەپىرى ئىلىم ئۆگىتىش ۋە دەرس بېرىش بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلارنىڭ ناملىرى: ئەمىر ئەتا ئۇللاھ ئەسلىي،

www.uyghurkitap.com

ئەمىر سەدىردىن ئىبراھىم مەشھەدىي، خوجا ئىمامۇددىن ئەبدۇلئەزىز ئەبھەرىي.

شىپائىيە (شىپاخانا): مەزكۇر مەدرىسەنىڭ غەرب تەرىپىدە، ناھايىتىمۇ چىرايلىق قۇرۇلغان. ھازىر ئۇ يەردە مەۋلانا غىياسىۇددىن مۇھەممەد ئىبىن مەۋلانا جالالۇددىن تىب ئىلىملىرىدىن دەرس بېرىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ.

نىزامىيە مەدرىسەسى: ھىرات شەھىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇ جايدا مەزكۇر تارىختا 906 ـ ھىجرىيە (1500 – 1501) يىلى ئەمىر ئاسىلبېكنىڭ يېتۈك ئەۋلادى ئەمىر بۇرھانىددىن ۋە مەۋلانەكەرىمۇددىن دەشتى بەيازىيلار دەرس بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خۇسرەۋىيە مەدرىسەسى: گۈزەل مەرۋ شەھىرىدە بىنا قىلىنغان. ئۇنىڭ شۇ نام بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ساھىبقىران پادىشاھنىڭ جىيەنى مىرزا كىچىك دەپ مەشھۇر بولغان مەرھۇم شاھزادە مىرزا مۇھەممەد سۇلتان بىنانىڭ خىشىنى قويغان ئىدى. شۇنىڭدەك، خۇسرەۋىيە سۆزى جۇمەل ھېسابى بىلەن ئۇنىڭ قۇرۇلۇش يىلى تارىخىنى بىلدۈرىدۇ.

دانىشمەن ئەربابلارنىڭ خاتىرىلىرىدە يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان بىنالارنىڭ شاراپىتى، بەرىكىتى پۈتۈن دۇنياغا شۇ قەدەر مەشھۇركى، ئۇنىڭدىن ئارتۇقنى خىيالغا كەلتۈرۈپ بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئىخلاسىيە مەدرىسەسى بىلەن خەلاسىيە خانىقاسى بىنا قىلىنغان زاماندىن تا مۇشۇ كۈنگە قەدەر يىگىرمە يىل ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن بۇ ئىككى مۇبارەك جايغا مىڭلاپ تەلەبەلەر كېلىپ، ئاز پۇرسەتتە تولۇق ئىلىم ۋە پەنلەرنى ئۆگىنىشكە مۇۋەپپەق بولۇپ، ئالىقش ۋە ماختاشلار بىلەن ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىشقان. ئۇلاردىن كۆپلىرى

هازىرمۇ ھەرات شەھىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەن پەخىرلىنىشىدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئىسىملىرى «خۇلاسە تۇلئەخبار» نىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان.

ئەمدى ماۋزۇنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ نامى شەرەپلىرىگە ئاتاپ زامان ئالىملىرى تەسنىف قىلغان كىتابلارنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەكچىمىز:

«شەرھى فەرائىز»: ئالىي ھەزرەت شەيخۇلئىسلام سەيپىددىن ئەھمەد تەپتىزانىي ئەسىرى. «رەۋزەتۇلئەھباب فى سىيە رۇننەبى ۋەلئەسھاب»: ئىككى جىلدلىق... ئەمىر جەمالىددىن ئەتائۇللاھ ئەسلىي ئەسىرى.

«تەفسىرى پارسىي»: ئالىيجاناب پەيز ئىگىسى مەۋلانە كامالىددىن ھۇسەيىن ئەل ۋائىز ئەل كاشفىي ئەسىرى.

«شەرھى ئەربەئىن»: ئىمام نەۋەۋىي ئەسىرى.

«ھاشىيەئىي مۇختەسەر»، «ھاشىيەئىي چەغمىنىي»، «ھاشىيەئىي شەرھىي»، «ھىدايەئى ھېكمەت»، «ھاشىيەئىي شەرھىي ئەشكال»، «تەئسىس شەرھىي بىسىت بابى ئۇستۇرلاپ»، «ھاشىيەئىي مەۋاقىف»، «شەرھىي مىئەتۇل ئامىل»: بۇلار مەخدۇمى مەۋلانە فەسھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي تەسنىفلىرى.

«شەرھىي مشكات»: پەزىلەت ئىگىسى جەناب خوجا ئىمادۇددىن ئابدۇلئەزىز ئەبھەرىي ئەسىرى.

«ھاشىيەئى شەرھىي ھېكمەتى ئەيىن»: جەناب مەرھۇم مەۋلانە كەمالىددىن مەسئۇل شىرۋانىي ئەسىرى.

«رىسالەئى دەر ئىلمى فەراسەت»: مەۋلانە ئابدۇراززاق كىرمانىي يازغان.

«ھاشىيەئى شەرھىي مۆجىزى مەۋلانا نەفىس»: ھېكمەت ئىگىسى مەۋلانە غىياسىددىن ئەسىرى.

«تەرجىمەئىي ئەدەبىياتى نەفەھات»: مەۋلانە نىزامىددىن ئەھمەد پىرشەمس ئەسىرى.
«تەزكىرە تۇننۇفۇس»: مەۋلانە دەرۋىش ئەلى تەبىب يازغان.
«ھاشىيەئىي مۇنەۋۋەل»: خوجا ئوبۇلقاسىم ئەبۇللەيسىنى قەلىمى بىلەن يېزىلغان.
«ھاشىيەئى مىفتاھ»، «ھاشىيەئى تەلۋىھ»: خوجا خاۋەند ئەبۇللەيسىي ئەسرى.
«شەرھى مۆئىجەز»: سەبزەۋار قازىسى مەۋلانە غىياسىددىن ئەسىرى.
ئۈچىنچى مەقسەت، شېئىر پەزىلىتى ۋە شائىرنىڭ ئۇلۇغ دەرىجىلىرى ھەققىدە
سۆز دۇرلىرىنى تۈزگۈچى ئالىملار فەھىملىرىدىن، سەنئەت جەۋاھىرلىرى سەررافلارنىڭ گۈزەل ۋە مۇبارەك نىشانلىق دىللىرىدىن يوشۇرۇن ۋە مەخپىي ئەمەسكى، پاكلىق قەدىر - قىممىتىنىڭ ئەۋجىدە، ۋەزىنلىك ۋە قاپىيىلىك سۆز بىر گۆھەردۇر. فاساھەتكە كۆپرەك نىسبىتى بولغان شېئىرلار شۇنداق ئۇلۇغ ۋە پارلاق نەرسىلەردىندۇركى، زەرشۇناسلارغا ئۇنىڭدىن ئېسىلراق مال بولمايدۇ. شۇنىڭدەك پەزىلىتى روشەن تەبىئەتكە ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەك يۈزنىڭ سۈرىتى كۆرۈنمەيدۇ.
شېئىر بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ. شائىرلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىدە قابىلىيەت كۆپلۈكىگە كۆرە شېئىرنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە شېئىر ئېيتقان ۋە بەزىلىرى ئىقتىدارلىرىنىڭ ئازلىقىدىن شېئىر تۈرلىرىنىڭ بەزىلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن.
تەڭرىگە شۈكرى ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى، ھەزرىتى سۇلتاننىڭ يېقىن دوستى، دۆلەتلىك ئالىي ھەزرەتنىڭ ماھارىتى يۇقىرىدا بايان ئېتىلگەن شېئىرلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە شۇنداق

دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەر ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلار ئۇنىڭ زامانىدا بولسا ئىدى، سۆز دەفتەرلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن ئۇنىڭ پەزىلەتلىك ئۆيىنىڭ ئاستانىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشكەن بولار ئىدى.

گەرچە ئالىي ھەزرەتكە ئۆز قابىلىيىتىنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ ئارتۇقلۇقىدىن ئىككى خىل تىلدا — پارسچە ۋە تۈركچە شېئىرلارنى ئېيتىش تامامەن مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىدراك تەبىئىتى پارسچىگە قارىغاندا تۈركچە شېئىرغا كۆپرەك مايىل ئىدى.

مەۋلانە لۇتفىي سۆز لۇتفىدا يېگانە دەۋران بولۇپ، ئۇندىن ئىلگىرى ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئېيتالمىغان. ئالىي ھەزرەت نەۋائىي ئەمدىلا يېتىلىپ، يىگىتلىك دەۋرى باشلانغان مەزگىللەردە بىر كۈنى لۇتفىي خىزمىتىگە باردى. لۇتفىي: «نازۇك پىكىرلىرىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن يورۇققا چىققان بىرەر غەزىلىڭىزدىن بىزنى بەھرىمەن قىلسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئول ھەزرەت بىر غەزەل ئوقۇدىكى، ئۇنىڭ مەتلەئىي مانا مۇنداق ئىدى:

ئارەزىڭ ياپقاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش،
بۇيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش.

مەۋلەۋىي جانابلىرى بۇ يالقۇنلۇق غەزەلنى ئىشىتىش بىلەن ھەيرەت دېڭىزىغا چۆمۈپ مۇنداق دېدى: «ۋاھ، ئەگەر ئىلاجى بولسا ئىدى، ئۆزۈمنىڭ ئون ـ ئون ئىككى مىڭ پارسىي ۋە تۈركىي بېيىتلىرىمنى مۇشۇ غەزەلگە تېگىشكەن بولار ئىدىم ھەم مۇنداق قىلىشنى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلار ئىدىم».

گۈزەل سۈپەتلىك ئەمىرنىڭ مەنزۇم ئەسەرلىرىدىن بىرى تۈركىي «خەمسە» بولۇپ، يىگىرمە يەتتە مىڭ بېيىتنى ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەيخ نىزامىينىڭ «پەنج گەنج» ئەسىرىنىڭ مۇقابىلىدە تۈزۈلگەن بۇ كىتابقا ئاجايىپ نازۇك مەنىلەر ۋە گۈزەل پىكىرلەر جايلاشتۇرۇلغان ۋە شۇنىڭ كەبى تۈركچە شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «چاھار دىۋان» كىتابى 25 مىڭ بېيىتدىن ئىبارەتتۇر. بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى دىۋانى بالىلىق دەۋرىدە يېزىلىپ، ئۇنىڭغا «غەرايىبۇس سىغەر (بالىلىق غارايىپلىرى)» دەپ نام قويۇلغان. ئىككىنچى دىۋانى يىگىتلىك زامانلىرىدا تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۇنىڭغا «نەۋادىرۇششەباب (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)» ئىسمى بېرىلگەن. ئۈچىنچى دىۋانى ھەر جەھەتتىن تولۇپ يېتىلگەن چاغلىرىدا پۈتۈلگەن نەزمىلىرىدىن تولدۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا «بەدايىئۇل ۋەسەت (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)» نامى بېرىلگەن. تۆتىنچى دىۋانى بولسا ئالىي ھەزرەتنىڭ ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان چاغلىرىدىكى پارلاق پىكىرلىرىنىڭ تىزمىسى بولۇپ «فەۋائىدۇل كىبەر (قېرىلىق پايدىلىرى)» دەپ ئاتالغان ئىدى.

ئېھسانلار ئىگىلىرىدىن ئەڭ گۈزىلىنىڭ تەسنىفلىرىدىن يەنە بىرى «مىزانۇل ئەۋزان» دۇر. بۇ كىتاب تۈرك تىلىدا ئەرۇز پېنى ھەققىدە يېزىلغان بولۇپ، ئالىي ھەزرەتنىڭ چوڭقۇر ۋە نازۇك شېئىرلار توغرىسىدا كۆپ ئىستىبداتلىق ۋە ئارتۇق دەرىجىدە ماھارەتلىك ئىكەنلىكى مانا شۇ كىتابتىن ئەڭ ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆتمۈشتىكى ئالىملار ۋە شائىرلارنىڭ نەزىرى چۈشمىگەن بىر قانچە مەقبۇل بەھرنى ئارۇزغا قوشتى.

ئەمىرنىڭ گۈزەل سۈپەتلىك كىتابلىرىدىن يەنە بىرى «چىھىل رۇبائىي» دۇركىم، بۇ كىتاب چىھىل ھەدىسنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەرجىمىسىدۇر. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى يۈز ئاتمىش رۇبائىيدىن تەركىب تاپقان بىر كىتابى باردۇر، ئۇنىڭ ھەر تۆت مىسراسى بىر خىل قاپىيىلىك تۇر. «نەسىرۇللە ئالى» ئەسىرى پارسچىدىن تۈركچىگە تىزما يوسۇندا يېزىلغاندۇر. نەۋائىيغىچە تۆت مىسرانى قاپىيىلىك ۋە رادىپلىق قىلىپ رۇبائىي يېزىش تۈركچىدە كۆرۈلمىگەنلىكى مەلۇم. يەنە پارسچە قەسىدىلەر ۋە غەزەللەردىن تۈزۈلگەن «مەيدانى بەلاغەت» ناملىق دىۋانى ئالتە مىڭ بېيىتلىق ئەسەردۇر. بۇلار غايەت ئوچۇق، يەڭگىل ھەم خاس مەنىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ۋە راۋان ئىبارەتلىكتۇر. ھېچقانداق تەكەللۇپسىز ئېيتىش مۇمكىنلىكى، بىر ئاز ۋاقىت ئىچىدە يۈكسەك سەنئەتكارلىق بىلەن يارىتىلغان جازىبىلىك بېيىتلەر گۈزەللىك ۋە ئۇستىلىق بىلەن بېزەلگەن تىزمىلار زىننىتىنىڭ شۆھرىتى شۇنداق دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك، يۇقىرى ئىلمىپەرۋەر سۇلتانلار دۇنيانىڭ ئۇزاق شەھەرلىرىدىن سۆز ئۇستىلىرى بولغان مەخسۇس ئەلچىلەرنى ھىراتقا ئەۋەتىپ ئەمىر ھەزرەتلىرىنىڭ بەلاغەتلىك سۆزلىرىنىڭ توپلامىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئىزدەشتى. تاكى خىتاي ۋە خوتەن مەملىكەتلىرىنىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىدىن باشلاپ تاكى رۇم ۋە غەرب مەملىكەتلىرىنىڭ تۆۋەن چېگرىلىرىغىچە شاھ ۋە گاداي، ياش ۋە قېرى، ئەرەب ۋە ئەجەملەرنىڭ ئاغزىدا ئالىي ھەزرەتنىڭ گۈزەل تىزمىلىرى ئوقۇلىدىغان بولدى.

ئالىي تەبىئەتلىك ئەلىشىر ھەزرەتنىڭ كىتابلىرىدىن يەنە بىرى «رىسالەتۇل مۇفرەدات» تۇر. بۇ كىتاب مۇئەمما پېنى ھەققىدە پارس تىلىدا يېزىلغاندۇر. بۇ نەپىس ئەسەرنى ھەقىقەت ئىگىسى مەخدۇمى نۇران ھەزرەتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكىنىدە ئالىي ھەزرەت بۇ كىتابنىڭ تەرىپى ھەققىدە شۇنداق يۇقىرى باھا

www.uyghurkitap.com

بىرىپ سۆزلىگەندى. ھەقىقەتەنمۇ ئەلىشىر ھەزرەت مۇئەممما پېنىدە شۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەن ئىدى.

پاك كۆڭۈللۈك ئەمىرنىڭ ياخشى ئەھمىيەت بېرىشى ۋە پەيز چاچقۇچى دىلىنىڭ ئۇندىشى بەرىكىتىدىن جاھان تاجى بولمىش ساھىبقىرانىنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە شائىر ۋە ئەمىرلەرنىڭ دەرىجە - مەرتىۋىلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەقسەت ۋە ئىستەكلىرى چېكىگە يەتكۈزۈلگەچكە، ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بارچە پاساھەت ۋە بالاغەت ساھەسىدە كۆپ كۈچ سەرپ ئېتىپ، ئۇل ھەزرەت مەدھىيىسىدە مەنزۇم كىتابلار يېزىشتى. ھەتتا ھەقىقەت ئىگىسى مەخدۇمى جامىيمۇ ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرىي ئەسەرلىرىدە بۇ روشەن پىكىرلىك ئەمىرنى ماختىغان. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆز شېئىرلىرىنىڭ پەرداز ۋە بېزىكىنى ئاشۇرغان. ئەنە شۇ قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە: «تۆھپەتۇلئەھرار»، «سۇبھەتۇلئەبرار»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا»، «خىرەدنامەئى ئىسكەندەرى».

ئۇل ھەزرەتنىڭ ئۇلۇغ نامى بىلەن تۈگەللىنىش شەرىپىگە ئىگە بولغان يەنە باشقا كىتابلارنىڭ ناملىرىنى بايان قىلىشمۇ مەقسەتكە مۇۋاپىقتۇر:

«رىسالەئى قاپىيە»: ئالىيجاناب ئەمىر بۇرھانىددىن ئەتائۇللاھ ئەسىرى، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «خىسرەۋ ۋە شىرىن»: مەۋلانا شىھابىددىن ئابدۇراھمان جامى سېھىرلىك قەلىمىنىڭ نەتىجىلىرىدۇر.

مەۋلانە ئالا ئۇددىن كىرمانىينىڭ «مەسنەۋىيات»ى.

مەۋلانە ئەھلىي شىرازىينىڭ «قەسىدەئىي مەسنۇئىي» ئەسىرى.

خوجا مەسئۇد گۈلىستانىينىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» سى.

«سېھىرلىك ھىلال»: مەۋلانە غىياسىددىن مۇھەممەد ئىبن

مەۋلانە جالال ئەسرى.

مەۋلانە شەمسىددىن مۇھەممەد بەدەخشىينىڭ «رىسالەئى مۇئەمما» سى.

شۇنىڭدەك، ئەمىر نىزامىددىن شەيخ ئەھمەد سۇھەيلى ۋە ئەمىر كەمالىددىن ھۇسەيىن ئەلى جەلايىر، مەۋلانە نىزامىددىن ئاستىرابدىي، مەۋلانە فەسھۇددىن ساھىبدار ۋە باشقا پازىللار ۋە شائىرلار بۇ ھىدايەت نەسەبلىك دۆلەت ئىگىسىگە مەدھىيە ـ مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن كۆپلىگەن ئۆتكۈر قەسىدىلەر بېغىشلىغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىش سۆزنىڭ ئۇزىرىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

تۆتىنچى مەقسەت، ئىنشانىڭ پەزىلىتى، سۆز ئۇستىلىرىنىڭ مەرتىبەسى ھەققىدە

ھوشىيار ۋە چېچەن يازغۇچىلار سەنئەت ۋە ھۈنەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە تۈرلۈك يوللار بىلەن ھەرىكەت قىلىشقان. سۆز گۆھەرلىرىنى ئىككى خىل يوسۇندا تىزىشقان. بىرى تىزما (نەزم) بولۇپ، بۇ شېئىرىي تەبىئەتتىن تۇغۇلىدۇ. ئىككىنچىسى نەسر بولۇپ، بۇ بولسا ئىنشا ئەربابلىرى پىكرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئىنشا پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ تەرىپلىرى بويىچە، مەنە قىزلىرىنىڭ قۇلاق ۋە بويۇنلىرىنى سۆزلەرنىڭ دۇر زىننەتلىرى بىلەن ياسىتىش، سۆز ـ ئىبارەتلىرىنى مەنە تەرتىپلىرى بويىچە دانىمۇ دانە تىزىپ باغلاش، جۈملىنىڭ يېشىملىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ، كۆڭۈلنى خىرەلەشتۈرىدىغان سۆزلەردىن تازىلاش ئارقىلىق ھېكايىنى ساپ، پاكىز سۆز ۋە نەسرلەر بىلەن بېزەشتىن ئىبارەتتۇر. ھەقىقەت بىلەن ئېيتقاندا، بۇ شاراپەتلىك پەن ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات كىيىمىنىڭ زىننىتىدۇر.

ئۇلۇغ تەڭرىگە شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى، ھىدايەت نەسىبلىك ئالىي ھەزرەت بۇ قىممەتلىك پەننى ئىگىلەشتىمۇ تەرەققىياتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى تىللىق قەلىمىنىڭ بايانىدىن ئەقىل - ھوش ئىگىلىرىنىڭ قۇلاقلىرى سەدەپ دۇرلىرى بىلەن تولدۇرار، ئۇنىڭ قولىدىن تىزىلغان خەت تىزىقلىرىدىن تۇغۇلغان ھەيرانلىق كاتىبىنىڭ بارماقلىرىنى پىكىر چىشلىرى بىلەن چىشلىتەر ئىدى. مۇشۇك - ئىپار چاچقۇچى قەلەم ئۇ پازىل ۋە ھۆرمەت ئىگىسىنىڭ نەسىر يوسۇنىدا يازغان ئەسەرلىرىدىن بەزىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئالىي ھەزرەتنىڭ بۇ خىلدىكى كىتابلىرىدىن بىرى تۈرك تىلىدا يېزىلغان «مەجالىسۇن نەفائىس» دۇر. بۇ ئەزىز كىتاب خاقان سەئىد مەغفۇر شاھرۇھ مىرزىنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدىن باشلاپ شۇ زامانغىچە يەر يۈزىنى روشەن ۋۇجۇدلىرى بىلەن زىننەتلىگەن ئالىم ۋە شائىرلاردىن كۆپلىرىنىڭ بەزى سۈپەت - ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىدۇ. يەنە شۇ زامانغا ئائىت ئىككى قىسقىچە تارىخ كىتابىمۇ يازغان. بىرى، پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا بايان قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدە بايان قىلىدۇ. بۇ ئىككى قىممەتلىك كىتابقا يەنە قىممەتلىك ھېكايىلەر ۋە ئاجايىپ رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن.

ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىلىرى قىبلىسىنىڭ ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرى، «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» ناملىق كىتابىدۇركى، كىشىلەر ئۇنىڭ تىزمىلىرىنىڭ گۈزەل ۋە نازۇكلۇقىدىن ۋە تەرمىلىرىنىڭ ئوچۇق ۋە يارقىنلىقىدىن ئەپسۇسلۇق بارماقلىرىنى چىشلەشتى. بۇ كىتاب ھەقىقەت ئىگىسى — مەخدۇمى نۇران ئابدۇراخمان جامىي ئالىيجاناب بىلەن ئالىي



www.uyghurkitap.com

ھەزرەتنىڭ ئۆزئارا ئەھۋاللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلاتتى.
ئۇنىڭ تۈركچە ياخشى كىتابلىرىدىن يەنە بىرى، تۈرلۈك پارچىلار – مەكتۇپلار توپلامىدۇركىم، ئەگەر تەدبىر يۈلتۈزى ئاسمان قەغەزلىرىگە ئۇنىڭ قىممەت باھا مەكتۇپلىرىدىن بىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇزاق مۇددەت يازسىمۇ تامام قىلالمايدۇ. شۇ خىلدىكى يەنە بىر ئەسىرى بولسا پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ ئىشلىرى ھەققىدىدۇر.
ھاجەتلىك ۋاقىتلىرىدا يۇقىرى دەرىجىلىك گۈرۈھلارنىڭ ئەخلاقلىرىنى ۋە ئاددىي ھەمدە ھۆكۈمەت دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرىنى بايان قىلىدىغان «مەھبۇبۇلقۇلۇپ (كۆڭۈلنىڭ دوستى)» ئىسىملىك بىر كىتاب يازغان. بۇ مۇبارەك نۇسخىنىڭ تەرىپىگە قەلەمنىڭ تىلى ئاجىز، ماختاشقا تىل قىسقىلىق قىلىدۇ.
ئالىي ھەزرەتنىڭ پارسچە ئىنشادىمۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۈچلۈك ئىككەنلىكى ۋە زېھنىنىڭ غايەت تېز ۋە ئۆتكۈرلۈكى ھېچكىمگە سىر ئەمەس.
زەكىيلەرگە يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، يازغۇچىلارنىڭ كاسات ماللىرى بۇ شاراپەتلىك زاماندا پەزىلەتلىك ئەمىرنىڭ ئىلتىپاتلىرى سايىسىدا تولۇق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئول ھەزرەتنىڭ نام شەرىفلىرىگە بېغىشلانغان بالاغەت نىشانلىق كىتابلار ۋە پاساھەتلىك تەسنىفاتلار مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:
«شەۋاھىدۇن نەبۇۋەت»، «رىسالەئى دەر ئىلمى مۇسىقى»: ھەقىقەت ئىگىسى ھەزرەتى مەخدۇمى جامىينىڭ گۈزەل ۋە نازۇك قەلەملىرى نەتىجىسىدۇر.
«ئىقتىباسەت»: شەرىئەت ھامىيسى، جەناب ئەمىر

ئىختىيارىددىن ھەسەن تۇربەتىي ئەسىرى.
«ھالاتى ھەزرىتى مەخدۇمى»: مەۋلانە كامالىددىن ئابدۇلۋاسىئى ئەسىرى.
«رەۋزەتۇس سەفافىسىيەرۇلئەنبىيا ۋەلمۇلۇك ۋەلخۇلەفا»: يەتتە جىلدتىن ئىبارەت. جانابى ئاتىمىز ئەمىر خاند (مىرخاند) مۇھەممەد ئەسىرى.
«مەئاسىرۇلمۇلۇك»، «خۇلاسە تۇلئەخبار»: بۇلار پەقىرنىڭ تەسنىفلىرىدۇر.
بەشىنچى مەقسەت، ئاخىرەت ھازىرلىقلىرىنى توپلاش، دۇنيا ھەۋەسلىرىدىن كۆڭۈلنى تارتىش باياىندا
نەۋائىي بىر نەچچە يىل «خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىسىڭىز، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈڭ» دېگەن سۆزلەرگە ئەمەل قىلىپ، ئادالەت بىلەن مەنسەپ تۇتتى، كېيىنكى چاغلاردا بولسا، «مەنسەپتىن مەنسەپسىزلىككە يۈز تۇت، چۈنكى ھەر قانداق مەنسەپتىن مەنسەپسىزلىك ياخشى» دېگەن نەقىلنىڭ مەزمۇنىنى خاتىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمىرلىك مەنسەپىدىن ئىستىپا بەردى. سۇلتان ساھىبقىرانمۇ ئۇل ھەزرەتنىڭ كۆڭۈل ئىستىكىنى مۇبارەك كۆڭلى ئارزۇسىدىن يۇقىرى قويغانلىقىدىن، بۇ خۇسۇستا ئاڭا ھەمپىكىر بولدى. ئەمما 892 - ھىجرىيە (مىلادىيە 1487 - يىلى) يىلى مازەندەران ۋىلايىتى ئىنان - ئىختىيارىنى قەتئىي تەكلىپ بىلەن قۇدرەتلىك ئەمىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇل ھەزرەت ئالىي قەدىر ساھىبقىراننىڭ سۆزىدىن باش تارتالماي، مازەندەران تەرەپكە تەشرىپ بۇيرۇدى. گۈل چاچقۇچى ئاستراباد ئۇل كىشىنىڭ شاراپەتلىك قەدىمى بەرىكاتىدىن گۈلىستانى ھەرەمنىڭ رەشكىنى كەلتۇردى... ساپ كۆڭۈللۈك ئەمىر ئۇ مەملىكەتتە ئىككى يىلغا يېقىن ئادالەت تەختىدە ئولتۇرۇپ،

كېيىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ئېتىكىنى يىغىشتۇرۇپ پايتەختتىن ھىراتقا قايتتى.
قىسقىسى شۇكى، ئۇل ھەزرەت ئەنە شۇنداق مەشغۇلاتلارغا قارىماي، ھېچقاچان ئەھلى دىللارغا خەيرخاھلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىن غاپىل قالماس ئىدى. ھەردائىم ئىلىم ـ ئېرپان ئەھلىلىرىگە ئىخلاس ۋە ئېتىقاد قەدىمى بىلەن خىزمەت قىلاتتى. خۇسۇسەن، ئالىيجاناب مەخدۇمى جامىيغا يېقىن مۇلازىمەتتە بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ھۇزۇرىدا دەرۋىش ۋە سوپىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش بىلەن بولاتتى. ئۇل جاناب جامىيمۇ بۇ بابتا قىلغان تەسنىفلىرىنى ئەمىر ھۇزۇرىدا مۇتالىئە قىلار ۋە بۇ كىشى (نەۋائىي) ئۇ كىتابلارنىڭ نازۇك نۇقتىلىرىنى پەيزلىك خاتىرى لەۋھىگە نەقىشلەر ئىدى. تېخى ئۇل ئالىيجاناب بۇ ئەسەرلەرنى ھىدايەتلىك ئەمىرنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىگە بېغىشلاپ يازغان ئىدى: «نەفەھا تۇلئۇنس» ۋە «ئەشئاتۇللەمئات» مۇقەددىمىسى ئوقۇلسا، بۇ پىكىر قۇياشتەك روشەن ۋە ئاشكارا بولىدۇ.
... بۇ كارامەت ئىگىسى بولمىش ئەمىر مەنسەپدارلىق ۋاقتىدا پۇقرا ۋە دەرۋىشلەرنىڭ پاراۋانلىقى، غېرىب ـ مۇساپىرلارنىڭ پاراغىتى ئۈچۈن خۇراسان ئەتراپلىرىدا كۆپ مىقداردا خانىقا، رەبات، كۆل ـ ئامبار ۋە ھاماملار قۇرغان. شۇلاردىن بىر قىسمىنى ساناپ ئۆتىمىز:
«خەلاسىيە خانىقاسى»: «ئىخلاسىيە مەدرىسەسى» قارشىسىدا، بۇ پەيزلىك جايدا ھەركۈنى مىڭدىن ئارتۇق زەئىپ ۋە مىسكىنلەرنى زىيارەت قىلىپ، شېرىن تائاملار بىلەن تويۇندۇراتتى. ھەر يىلى موھتاجلارغا ئىككى مىڭغا يېقىن جۇۋا، باسما چەكمەن، كۆڭلەك، ئىشتان، تەقىيە ۋە كېيىش

ئۇلەشتۇرەتتى.

«جامائەتخانە خانىقاسى»: ھىرات خىيابانىدا بولغان مەۋلانە شەمسىددىن مۇھەممەد تەبادكانىي سەر مازارىدا، ھەقىقەت ئىگىسى ھەزرىتى مەخدۇمى جامى سەر مازارىدىكى ئىمارەت. كەڭلىكى ۋە ئېگىز ـ يۇكسەكلىكى، شۇنداقلا خۇش ھاۋالىقلىقى بىلەن مەشھۇر.

«فەنائىيە»: ئاشۇ مازار دائىرىسىدە.

«ھەۋزى ماھىيان» ئىمارىتى: خۇراسان خەلقىنىڭ سەيلىگاھى، دەرۋىشلەر ۋە پەقىرلەر تۇرالغۇسى.

پىرى مۇجەررەد خوجا ئەبۇلۋەلىد ئەھمەدنىڭ مۇبارەك سەر مازارى ئىمارىتى، سەيلىگاھىنىڭ كەڭرىلىكى ۋە ھەشەمىتى بىلەن مەشھۇر.

شەيخ مۇھىي سەر مازارى لەنگىرى: بەك ھەيۋەتلىكتۇر.

ئەمىر ئابدۇلۋاھىد ئىبنى مۇسلىم سەر مازارىنىڭ ئىمارىتى. خۇمچەيى باددا جايلاشقان.

زىيارەتگاھ خانىقاسى: بۇ يەردىمۇ پەقىر ۋە مىسكىنلەرگە ئوزۇق بېرىلىدۇ.

خوجا يۇسۇپ ھەمەدانىي سەر مازارى ئىمارىتى.

دارۇلھۇففاز: مەشھەدتە ئىمام رىزا بېغىدا قۇرۇلغان. ئۇ جاينى قىممەت باھالىق تاشلار ۋە ئالتۇن بىلەن مۇسۇلمان ۋە چىنىي ئۇسلۇبىدا غايەت ھەشەمەتلىك نەقىشلىگەن. شۇنىڭدەك ئاشۇ باغدا يەنە غايەت ئېگىز ۋە بىنىھايەت زىبۇ زىننەتلىك بىر ئايۋان بىنا قىلىنغان. ھەركۈنى زەئىف، پەقىر ـ يېتىملەرنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۇچۇن ئاشخانىمۇ قۇرۇلغان.

شەيخ فەرىدۇددىن ئەتتار سەر مازارىدىكى خانىقاھ: خۇش مەنزىرىلىك جايدۇر. ئۇ ھەزرەت 902 ـ ھىجرىيە (1496 – 1497)

يىلى نىشاپۇر شەھىرىنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك شولىسى بىلەن نۇرلاندۇرغان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ يەردىكى ماشايىخلار قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا باردى. ئۇ يەردىكى كۆپلىگەن قەبرىلەرنىڭ بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تۈزەشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھازىر ئادەتلەنگەن ئۇسلۇب بىلەن قەبرىلەرنى تىكلىدى.

مەۋلانە سىرري لەنگىرى: مەرۋ شەھىرىدە بىنا قىلىنغان.

خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچى ئەلىشىر نەۋائىي سالغان رەباتلەرنىڭ[1] تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

رەباتى سەرى خىيابان، تەيفۇر رەبات، رەباتى ھەۋزەك، رەباتى دەرەيى زەڭ، رەباتى چىھىلدۇختەران، رەباتى تەرناب، رەباتى پەنجدەھ، رەباتى كەتلىش مۇرغاب، رەباتى مەرىچاق، رەباتى پۇلى ئەھمەد، مۇشتاق، رەباتى بايقۇر، رەباتى زاھىد، رەباتى خۇجادۇككا، رەباتى دەشتى شارەخت، رەباتى ئەدرەسكەن، رەباتى فەرمان قۇرقۇش، رەباتى كەندەگى، رەباتى ئاقرەبات، رەباتى يانبۇلاق، رەباتى خوجا ئابدۇلۋەلىد، رەباتى مۇزدۇران، رەباتى پەرىيەن، رەباتى پۇلى غۇرىيەن، رەباتى پايەبىك، رەباتى نۇزپۇل، رەباتى شۇتۇرخانەئى تىرپۇل، رەباتى سەھرايى باغەندە، رەباتى جام، رەباتى خەرگىرد (ھەرجىرد)، رەباتى مەرەممەت، رەباتى بەكرەبات، رەباتى سەئىدەبات، رەباتى ھازىرە، رەباتى سەنگبەست، رەباتى مەشھەدى مۇقەددەسە، رەباتى تىپەيى چەۋك، رەباتى دىزابات، رەباتى گۇلىدار، رەباتى سەنگلىكلەر، رەباتى رۇنىز، رەباتى ئىسپەرايىن، رەباتى چىناران، رەباتى ئىشق، رەباتى دەھەنى تەختى سۇلايمان، رەباتى جۇرمەجۇي، رەباتى سەرى كوچەيى ئالەمات، رەباتى پۇلى نىگار، رەباتى بەھرە،

---

[1] رەبات ــ كارۋان سارىيى، قونالغۇ، ئۆتەڭ.

رەباتى دىياگەر.

قورۇلغان كۆل ـ ئامبارلار تەپسىلاتى:

ھەۋزى[①] مەھەللەيى پايدە رەختى مىراسىي، ئىختىيارىددىن قەلئەسى ئالدىدىكى كۆل، ھەۋزى مەھەللەيى شالباخان، ھەۋزى سەرى پۇشتە، ھەۋزى مەھەللەيى چىھلگازى، ھەۋزى خوجايى كەللە، ھەۋزى پىرقىۋام، ھەۋزى مەھەللەيى قەلەندەران، شىفائىيە يېنىدىكى كۆل، قۇشانج مەسچىتىدىكى كۆل، مەخدۇمى جامىي سەرمازارىدىكى كۆل، پەرىياندىكى كۆل، چاررەھە كۆلى، سەھرايى باغەندەدىكى كۆل، شاھانى گارمابتىكى كۆل، زۇرابادتىكى كۆل، زىيارەتگاھتىكى كۆل، ئەندھۇددىكى كۆل، خارەزم يولى ئۇستىدىكى كۆل.

كۆۋرۈكلەر تەپسىلاتى:

سىپۇلاق، تۇلكى، سوقى سەلمان، چىھىلدۇختەران، تەرناب، قەلەندەران، قازبانان، بايخوجا، خەيرئاباد كۆۋرۈكى ۋە تۇغىنى، جۇرجانان، نىگار (مەرمەردىن)، قۇشانج، تىر (مەرمەردىن)، نەھرى ئەرەب، چەقچەران، تۇرۇق كۆۋرۈكى ۋە تۇغىنى.

هامماملار سانى تۆۋەندىكىچە:

شىفائىيە يېنىدىكى هاممام، زىيارەتگاھ هاممامى، زەرەيى زەڭ هاممامى، تۈۋرچى هاممامى، چىھىلدۇختەران هاممامى، تەرناب هاممامى، پەنجدەھ هاممامى، فەيزئاباد هاممامى، سەئىدئاباد هاممامى.

ئالتىنچى مەقسەت، شەرىئەت ئەركانلىرىغە رىئايە قىلىش بايانىدا

... مۇرغەبى بېغىدا غايەت زىننەتلىك بىر مەسچىت بىنا

---

[①] ھەۋزى ــ كۆل.

قىلىپ، زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق قارىيلىرىدىن خوجا ھاپىز مۇھەممەد سۇلتانشاھنى ئىمام قىلىپ تەيىنلىدى... شۇنىڭدەك، ئىشىكتىكى مۇلازىملارنى ناماز ئاداسىغە تەرغىب قىلىش، بىرەر كىشىدىن ئورۇنسىز ئىش سادىر بولسا جازالاش ئۈچۈن بىر مۇھتەسىب[1] بەلگىلىدى.

شۇنىڭدەك، مۇرغەبى بېغى قارشىسىدا بىر مۇھەببەتلىك مەسچىت قۇرغان، ھەقىقەتەن بۇ بىنانىڭ دىلكۇشا فەزاسى قۇرغۇچى قەلبىنىڭ پاكلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچىسىنىڭ قايتا قۇرغان مەسچىتلىرىدىن بىرى ھىراتنىڭ جامە مەسچىتىدۇركى، ھەقىقەتەنمۇ ئىلاھىي پەيزلەر توپلانغان جاي ۋە تامامى غەشلىكلەرنى كەتكۈزگۈچىدۇر. بۇ مۇبارەك جاينى سام دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە قۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ بۇ ئالىي بىنانى قۇرۇپ تاماملاشتىن ئىلگىرى ۋاپات قىلدى. تەخت ۋارىسى بولغان بۇرادىرى سۇلتان شىھابىددىن بىنا قۇرۇلۇشىنى داۋام ئەتتۈردى. ئەمما ئوغلى غىياسىددىن مەھمۇد پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ قۇرۇلۇشنى پايانىغا يەتكۈزدى. بىر نەچچە ۋاقىت شۇ ھالدا ئۆتتى. چىڭگىزخان يۈرۈشى ۋە خۇراساننىڭ خارابىگە ئايلىنىشى بىلەن بۇ ئالىي مەنزىلمۇ ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى. مەسچىتنى تۈزىتىش ۋە قايتا قۇرۇش ئىشلىرى مەلىك غىياسىددىن كۈرتقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوغلى مەلىك مۇئىززىددىن ھۇسەيىن بېزىتىش ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇردى. ھەزرىتى خاقانى سەيىد شاھرۇھ زامانىدا ئەمىر جالالىددىن فىرۇزشاھ قايتىدىن ئەمىر قىلدى...

---

[1] مۇھتەسىب ــ ئىش باشقۇرغۇچى.

سۇلتان ساھىبقىران ھۈسەيىن بايقارا سەلتەنىتى دەۋرىدە مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسىم ئايۋىنى قاتتىق شىكەستىلەندى. گۈمبەز چۈشۈپ كەتتى. مەزمۇت تاملار نامازخانىلارنىڭ بېشىدەك پۈكۈلدى. ئاپئاق گەج سۇۋاقلار چىرايلىق گۈمبەزلەردىن سويۇلۇپ چۈشتى...

بۇ ھال ئۇ ئىلھامى ئىلاھىيىنىڭ روشەن كۆڭلىدىن جاي ئېلىپ، بۇ بىنانى قايتا تىكلەشكە بەل باغلىدى. پادىشاھى ئىسلام سۇلتان ھۈسەيىن بايقارادىن ئىجازەت ئېلىپ، ئۇلۇغ ماشايىخلارنىڭ مۇقەددەس ئەرۋاھىدىن مەدەت تىلەپ، 903 - يىل شەئبان ئېيىدا (1498 - يىل 25 - مارت — 23 - ئاپرېل) مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسىم تورۇسى ۋە گۈمبەز تاقىنى ئېچىشقا ئەمر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پىشقان مېمارلار ۋە بىلىملىك مۇھەندىسلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئاۋۋالقىسىدىنمۇ مۇستەھكەمراق قىلىپ تىكلەشنى بۇيرۇدى. مەسچىتنىڭ ئىچكىرى قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېگىزگىنە ئىككى ئايۋان قۇرۇلۇپ، كاتتا تاقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. نەۋائىي بىنانىڭ تېز پۈرسەتتە تاماملىنىشىغا بەكمۇ ئېتىبار بەرگەنلىكتىن ھەر كۈنى ئىش بېشىغا كېلىپ كۆپىنچە ھاللاردا پەشلىرىنى قىستۇرۇپ مەدىكارلار قاتارىدا ئىشلەيتتى. ئارىلاپ ئىش باشقۇرغۇچىلار، ئۇستىلار ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەرگە قىممەت باھالىق تون يېپىپ، ئاز بولمىغان ئىنئام - ئېھسانلار بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى.

شۇنداق قىلىپ، خۇدانىڭ مەرھەمىتى ۋە پادىشاھنىڭ ئۇزلۇكسىز كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئۈچ - تۆت يىلدا پۈتمىگەن ئىش ئالتە - يەتتە ئايدا تۈگىدى. مەسچىتنىڭ ئىچكىرى قىسىم ئايۋىنىنىڭ ئېگىزلىكى ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ ھىممىتىگە مۇۋاپىق

ئىلگىرىكىدىن ئالتە ـ يەتتە ھەسسە ئارتۇق بولدى. بىنانىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن ئۈستى تەرىپىنى بېزەپ كۆركەملەشتۈرۈش پىكرى قوزغالدى. ئىشارەت بويىچە بىلىملىك مۇھەندىسلەر، ئىشچان كاھىشتاراشلار ۋە نەققاشۇ ـ سەنگتىراش ئۇستىلىرى بېزەش ئىشىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. قىلىنغان تەخمىنلەرگە قارىغاندا بەش يىلدا بېجىرىلىدىغان بۇ ئىشمۇ بىر يىلدا تاماملاندى. تاقى ۋە راۋاقلار مۇسۇلمان ۋە چىن ئۇسلۇبىدا زىننەتلىنىپ زەر ھەل بېرىلدى. ھەيۋەتلىك سۇپىلارنىڭ سەھنىلىرى ئاجايىپ سەنئەت ۋە غارايىپ ئىختىرالىرى بىلەن باشقا بىنالاردىن پەرقلىق ھالدا ئايرىلىپ تۇراتتى.

ئاۋۋالقى مۇنبەر ياغاچ ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ۋە سۇنۇپ كەتكەن ئىدى. ساپ دىل ئەمىرنىڭ كۆڭلى مەرمەردىن ياساشقا مايىل ئىدى. ئۇلۇغ دەرگاھ مۇلازىملىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىشىپ ئاخىرى خاف ۋىلايىتىدىن مەرمەرتاش تېپىشتى ھەم ئىگىسىگە رازى بولغۇدەك ھەققىنى بېرىپ تاشنى شەھەرگە كەلتۈرۈشتى. ئۇستاز شەمسىددىن سەڭگتاراش بۇ تاشتىن مۇنبەر ياساشقا كىرىشتى. ئالىي نەسەبلىك ئەمىرنىڭ ھىممىتى سايىسىدا شۇنداق بىر مۇنبەر قۇرۇلدىكى، ئالەمنى بېزىگۈچى قۇياش خاتىب كەبى ھەر تاڭدا كۆپكۆك ئاسمان مۇنبىرىگە چىققاندا بۇ مۇنبەرنىڭ تەڭدىشى يوق ئوخشىشىنى تاپالماس ئىدى.

خۇلاسە شۇكى، ئۇشبۇ جەننەت مىسال مەسچىتنى بېزەش ۋە پەردازلاش ئىشلىرى پايانىغا يەتكەندىن كېيىن 905 ـ ھىجرىيە يىلى شەئبان ئېيىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى چارشەنبە (1500 ـ يىل 13 ـ مارت) تەدبىر ئىگىسى ئەمىر ئەلشىر ئاش تارتىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ، خاتىب، ئىمام ـ ۋائىزلەر، مۇتەۋەللى

خادىملار، ئۇستىلار ۋە ئىمارەت ئىشچىلىرى بۇ مۇراسىمغا چاقىرىلىپ زىياپەت مۇراسىملىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. تەخمىنەن 100 دەك قابىلىيەتلىك كىشىنىڭ قامەتلىرى قىممەت باھا جۇۋا ـ چەكمەنلەر ۋە ھەرخىل لىباسلار بىلەن پۈركەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەۋەررۇك ئورۇننىڭ تام يۈزىنى مۇستەھكەملەش ۋە چىداملىقلىقىنى ئاشۇرۇشقا ئىشارە قىلىندى. ئىمارەت ئىشچىلىرى ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنە تەييارلاش، ئۇستىلار بولسا ئۆلارنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشىپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا تەخمىنەن 14 جەرىب[①] مىقداردىكى بىنا تاملىرىنى ئىككى قەۋەت سۇۋاپ چىقتى. كۆڭۈللىرىنى بۇ ئىشلاردىن توختىتىشقا يېقىن ھىدايەتلىك ئەمىر يەنە بىر توي ـ زىياپەت ھازىرلىقىنى قىلىش توغرىسىدا پەرمان بەردى. مۇلازىملار دەرھال ئىشقا مەشغۇل بولۇشۇپ، 50 تۇياق قوي ۋە 9 تۇياق ئات تەييارلاپ زىياپەتكە سەرپ ئەتتى...

بۇ ئەمىرنىڭ ھىممىتى بىلەن قۇرۇلغان ھەربىر مەسچىت توغرىسىدا ئالاھىدە تەپسىلات بېرىلسە بۇ قىسقا رىسالە ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا مەسچىتلەرنىڭ پەقەتلا ناملىرىنى ئاتاپ ئۆتىمىز: شەرىپۇلى ئىنجىل مەسچىتى، سەرى كوچايى ئۇلۇغ ئاتا مەسچىتى، سەرى كوچايى ئەمىر ئىسلام مەسچىتى، چارسۇيى ئەلا ئۇددەۋلە مەسچىتى، مەھەللەيى قەلەندەران مەسچىدى (باغى زەغەن ئىچىدە)، مەھەللەيى تەرخىنىيان مەسچىدى، مەھەللەيى مىرئادىل مەسچىتى، پۇلى كارد جامەئە مەسچىتى، ھېيتگاھ قىشلىقىدىكى جامەئە مەسچىتى، سەرەخستىكى مەسچىت، قەراتى

---

① جەرىب ـ جىسىملارنىڭ يۈزىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. بىر جەرىب ـ 760 كۋادرات مېتىر.

تۆرشىزدىكى مەسچىت، ئاسترابادتىكى جامەئە مەسچىتى، بۇلاردىن باشقا بىنا قىلىنغان بارلىق مەدرىسە، خانىقا ۋە راباتلاردىمۇ مەسچىت قۇرۇلغان...

... ئۇ ھەزرەتتە ياشلىق كۆڭلىرى باشلىنىشتىن تا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىگىچە كۆڭلىدە مۇسۇلمانلىق ھەج پەرزىنى ئۆتەش، ھەۋىسى ۋە خىيالىدا پەيغەمبەر قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش پىكرى ئورۇن ئالغان ئىدى. ھەر ۋاقىت ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە بۇ ئىشقا ھەرىكەت قىلاتتى ۋە قانچە قېتىم بۇ سەپەرگە رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن مۇبارەك ئايىغىنى ئۆزەڭگىگە قويۇپ سارايغا كىرەتتى، ئەمما ھەر قېتىمدا قۇدرەتلىك ساھىبقىراننىڭ ئىلتىماسى بىلەن قايتاتتى ۋە بۇ ئىستىكىنىڭ رويابقا چىقىشىدىن قايتۇرۇلاتتى.

904 - (1498 – 1499) يىلى سۇلتانى ساھىبقىران مەملىكەتنىڭ بەزىبىر مەنپەئەتىنى كۆزلەپ مەرۋىدە تۇرۇپ قالغان ئىدى. يەنە شۇ مۇبارەك سەپەر ئارزۇسى ئەسلىي پاك ئەمىرنىڭ خىيالىنى تامام ئىگىلەپ، مەۋلانە نىزامىددىن ئابدۇلھەي تېۋىپنى رۇخسەت سوراش ئۈچۈن لەشكەرگاھقا ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا: «ئۆتكەن يۈز مىڭلاپ كۈنۈم مۇشۇ سەۋدا بىلەن بۈگۈنگە ئۇلاشتى، ئەمدى قاراپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى» دېگەن بېيىت مەزمۇنىنى تىلغا ئېلىپ، سائادەتلىك ئالىملار، فازىللار ۋە مۇلازىملار بىلەن بىللە مەشھەد تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ جانابىنىڭ كېلىشى بىلەن شۇ يەرگە پادىشاھ ھۇزۇرىدىن مەۋلانە ئابدۇلھەيمۇ كەلدى ۋە زەپەر بايراقلىق ساھىبقىراننىڭ ئالىيجاناب ئەمرگە يازغان مەكتۇبىنى تاپشۇردى. مەكتۇب مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«سەلتەنەت ئۈستۈنى، مەملىكەت تايانچى، دىن ۋە دۆلەت ئەربابىنىڭ تاللانغىنى، مەملىكەت ۋە مىللەت ساھىبلىرىنىڭ

پېشىۋاسى، خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچىسى، پاكىز ئىشلارغا يوللانغان، خاقانى دۆلىتىنىڭ مەدەتكارى، سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ يېقىنى نىزامىددىن ئەمىر ئەلىشىر جانابلىرىغا لۇتفىمىزكۆپ دۇئالار ھەمدە شەۋق قوزغاتقۇچى سالاملارنى يەتكۈزىمىز. پەيزلىك مۇلاقەتلىرى ئارزۇسى شەرھ ۋە بايان دائىرىسىدىن ئارتۇقتۇر. سوگرە روشەن كۆڭۈللىرىگە مەلۇم بولسۇنكىم، جۇمە كۈنى رەجەب ئېيىنىڭ ئون بىرى (1499 - يىل 23 - فېۋرال) دا ئۇلۇغ مەۋلانە ئابدۇلھەي كېلىپ شەرىف مىزاجلىرىنىڭ كەيپىياتى، ساق - سالامەتلىك، ياخشى ھالەتلىرىنى يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىش بىھەد شادلىققا سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ يېتىشىدىن ئىلگىرى كۆڭۈللىرىدە قارار تاپقان ھىجاز تەرەپكە جۈنەش توغرىسىدىكى خەۋەر ئېغىزمۇ ئېغىز كېلىپ تۇرار ئىدى، ئەمما ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئىشىتىلمىگىنى ئۈچۈن ئىشىنەرلىك بولماس ئىدى. لېكىن ئەشۇ كىشى مەۋلانە ئابدۇلھەي سۆھبىتىدە خۇجا ئەفزەلۇددىن مۇھەممەدكە يېزىلغان خەت مەزمۇنىدىنمۇ مەلۇم بولدىكى، شۇ كۈنلەردە تىلەك مۇستەھكەملىنىپ ۋە يېڭىلىنىپ، جۈنەش خىيالى جەزمگە ئايلانغان.

گەپ شۇكى، بارچىگە — بەلكى ئالەمۇ ئالەم ئەھلىگە مەلۇمدۇركى، ئول جاناب بىلەن بىرلىك - ھەمجەھەتلىك يۈزىسىدىن باغلىنىش ئالاقىسى ھەمدە ھەمنەپەسلىكنى كىچىكلىكتىن شۇ كەمگىچە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. ھەممە ۋاقىت ۋە ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇ جانابنىڭ شەرەپلىك خاتىرىسىنىڭ رازىلىقىنى ئۆزىمىزنىڭ مۇددىئا ۋە تەلەپلىرىمىزدىن ھېسابلاپ كەلدۇق. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ قارىشىدا ئۇ جانابنىڭ دۆلەتخاھلىق بەلگىلىرى، ئىخلاس، ياخشى پىكىردە بولۇش ۋە يېقىنلىق كەبى خىسلەتلەر يۈزەگە كەلدى. بۇ تەرەپ قۇياشتىنمۇ روشەن بولغىنى

ئۇچۇن ئارتۇقچە تەپسىلگە ئېھتىياج يوقتۇر. ئۆزلىرى بىلىدىلاكى، ھېچقاچان ئوتتۇردا تەكەللۇپ ۋە ئۆزگىلىك بولماي، ھەممە ۋاقىت سۆز شۇ تەرىقە كېچەتقىكى، ئۇ سەلتەنەت تايانچىنىڭ خاتىرىسىگە خەيرخاھلىق ۋە ياخشى پىكىردە بولۇش يولى بىلەن نىيمىكى كەلسە توققۇز مەرتىگىچە ئۇنى ئېيتىشقا ئىجازەت بېرىلگەن ئىدى. بىزنىڭمۇ ھەممە ۋاقىت خاتىرىمىزگە نېمىكى كەلگەن بولسا، مېھرىبانلىق بىلەن ئىزھار قىلاتتۇق. مۇشۇ كەملەردە ساۋاب ئۇچۇن ھىجرەت قىلىشقا جەزىم قىلغانلىقلىرى كۆڭۈلگە ئاللىقانداق ئېغىر چۇشۇشىگە قارىماي، ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەك ئىش تەسەۋۋۇر ئېتىلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ رازىلىقىنى خۇسۇسىي مەنپەئەتىمىزدىن ئۇستۇن قويىمىز، بېرىلگەن رۇخسەت ۋە ئىجازەتتىن قايتمايمىز، ئەمما كۆڭۈلگە نېمىكى كەلسە ئاگاھلاندۇرۇشىمىز لازىم. مەلۇمكى، بۇ خۇسۇستا يول تىنچلىقى شەرتتۇر. مەلۇم بولسۇنكى، شۇ كۈنلەردە ھەجگە ئۆتۈش يولى بولغان ئىراق ۋە باغداتتا ئەھۋال نەقەدەر پەرىشان ۋە بىقارارۇر، مىسىر ۋە شام چېگرىلىرىدىمۇ تۈرلۈك باشباشتاقلىقلار مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىشتىلمەكتە. گەپ شۇكى، ئەگەر يول خەۋپى شۇ دەرىجىگە يېتىپ، كىمنىڭدۇر سەۋەبىسىز بىراۋغا قول سوزۇشى مۇمكىن بولغان تەقدىردە يولغا چۇشمەك ۋاجىپ كۆرۈلمەيدۇ. ئەگەر شۇ كۈنلەردە يول خەۋپىدىن بىرەر پىكىر خاتىرىگە كەلمىسە قانداق بولىدۇ؟ چۈنكى ئۆزلىرى يوللار تىنچسىز بولغىنى سەۋەبلىك بىر ئاز ئالتۇن ئاقچا تەييارلاپ زۆرۈر بولغاندا ــــ خەتەرلىك جايغا يەتكەندە مۇلازىملارنىڭ ھەر بىرىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭدىن بىر ئازدىن بولۇشى كېرەك، دەپ ئېيتقان ئىدىلە.

يەنە گەپ شۇكى، سەپەر ئۇزاقتا سوزۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما

ئۆمۈرگە ئىشەنچ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ يەنە بىر مەرتە ئۇچرىشىپ، خەيرلىشىش قائىدىلىرىنى ئۆتۈشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك بۇ ئىككى ئەھۋالنىڭ بولۇشى بىلەن بىرگە، بۇ مۇقەددىمىلەرنىڭ يېزىلىشىدىن شۇنداق ئەندىشىمۇ باركى، مۇبادا مۇبارەك خاتىرىگە بىرەر غۇبار يېتىشىپ، بۇ سۆزلەردىن غەرەز ھەجگە بېرىشنى مەنئى ئېتىش ئىكەن دېگەن خىيال ئۆتۈلمىسە ئىكەن.

دائىمىي دۆلەتخاھلىق يۈزىسىدىن خاتىرىلىرىگە نېمىكى كەلسە، تەكەللۇپسىز ئېيتىۋەرسىلە، بىزگە ھەم بۇ خۇسۇستا خاتىرىگە نېمە كەلسە مەلۇم قىلىش لازىم كۆرۈلدى. باقىي، توغرا پىكىردە ئىختىيار ئۆزلىرىدە، ئىككى دۇنيا ياخشىلىقى ئۈچۈن نېمىكى لازىم بولسا تەقدىم قىلىپ تۇرۇلىدۇ. ئىككى دۇنيا سائادىتى يار بولسۇن. ۋەسسالام».

بۇ يېزىلغانلاردىن شۇ نەرسە ئېنىق كۆرۈنەر ئىدىكى، ئالىي ھەزرەت سۇلتانىنىڭ كۆڭلى ئىككى ئوتتۇرىدا يەنە بىر بارە مۇلاقات ھاسىل بولۇشىغا مايىل ئىكەنلىكى تۇپەيلى، ھەزرەت نەۋائىي ئۇ تەرەپكە جۆنەشنى كېچىكتۈرۈپ، يۆنىلىش بايرىقىنى مەرۋە تەرەپكە بۇرىدى. ئەمما سەرەخس ئەتراپىغا چۈشكەن پەيتتە ئۇ تەرەپتىن پادىشاھمۇ يېتىشىپ، ئالىي دەرىجىلىك ئەمىر ئالىي قەدىرلىك ساھىبقىرانىنىڭ خىزمىتىگە يېتىشتى. ھېچقانداق مۇبالىغىسىز، ھەشەمەتلىك پادىشاھ ھىدايەتلىك ئەمىرنىڭ مۇلاقىتىگە ئېرىشىش سەۋەبلىك شۇ دەرىجىدە شادۇ خۇررەملىك ئىزھار قىلدىكى، ئەگەر مىڭدىن بىرى ياكى ئازراقلا بىر قىسمى بايان قىلىنسا، لاپ ئېيتىۋاتامدىغاندۇ دېيىلىشى ئېنىق. ئالىي دەرىجىلىك ئەمىر ئۇلۇغ قارارگاھتا ئۈچ كۈن تۇرۇپ، پادىشاھقا، شاھزادىلەرگە ۋە ھەرەم ئەھلىلىرىگە ئاجايىپ چاپقۇر ئاتلار، يۈك

توشۇر توگىلەر، بىھېساب مالۇ مەبلەغ تارتۇق قىلدى. ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، سەدىرلەرنى، بەلكى پادىشاھ دەرگاھىدىكى مۇلازىملارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئىنئامۇ ئېھسان مېۋىلىرى بىلەن مەمنۇن قىلدى. ئاندىن ئەئلا ھەزرەتكە ئەرز قىلىپ دېدى: «سىز بىر چاغدا ئېيتقان ئىدىڭىزكى، مەن پادىشاھلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قول تارتىدىغان بولسام، شەيخ نەجمىددىن كۇبرا مازاردا تۇرىمەن ياكى خوجا ئابدۇللا ئەنسارىي ئاستانەسىنى سۈپۈرگۈچى بولىمەن، دەپ. ئەمدىلىكتە بۇ ئىش سىزگە مۇيەسسەر بولمايدۇ. ماڭا بولسا ھىجاز سەپىرىگە خاھىش ۋە رىغبەت بىلەن ئىجازەت بەرمەيسىز. شۇنداق بولغاچقا، ئەمدى رۇخسەت بەرسىڭىزكى، سىزنىڭ ۋەكالەتچىلىكىڭىز بىلەن قالغان ئۆمرۈمنى ئەنسارىيە ئاستانىسىنى سۈپۈرۈشكە سەرپ قىلسام، مۇلازىملىق ئىشلىرىدىن تامام ئازاد بولسام، چۈنكى قىرىلىق مادارسىزلىقى ۋۇجۇدۇمغا تەسىر كۆرسىتىپ، قۇۋۋەت كەتكەن، بەدەن زەئىپلەشكەنلىكى بىلىنىشكە باشلىدى.»

ھەزرىتى ساھىبقىران لۇتفۇ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ۋە بۇ ئىلتىماسنى ياخشى قوبۇل قىلىپ دېدىكى: «مادامىكى، سىز خۇراساندا تۇرار بولسىڭىز، ھەرقانداق ئىلتىماسىڭىز ئورۇنلىنىدۇ. چۈنكى ئېنىق بىلىمەنكى، ئەگەر سىزنىڭ شەرەپلىك ۋۇجۇدىڭىزدىن بۇ مەملىكەت خالىي قالسا، كاتتا ـ كىچىك بارچە خالايىقنىڭ ئەھۋالىدا يامان ھال يۈز بېرىدۇ». شۇ ئاندا ساپ كۆڭۈل ئەمىرنىڭ قاۋۇل قامىتىنى تۇگمىلىرى ئالتۇندىن بولغان زەر جىيەكلىك قارا قۇندۇزىي تون بىلەن بېزىدى ۋە پايتەخت ھىراتقا قايتىشقا ئىجازەت بەردى.

ئۇ ھەزرەت نەۋائىي مەزكۇر يىلنىڭ شەئبان ئېيى ئوتتۇرىلىرىدا (1499 ـ يىلى مارت ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى) يەنە بىر

www.uyghurkitap.com

قېتىم پەخىرلىك شەھەر ھىراتنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك چىھرىسى بىلەن نۇرغا تولدۇردى. شۇ سەۋەبتىن مەشايىخ، سەييىد ۋە ئالىملاردىن تارتىپ بارچە ئاھالە ۋە پۇقرا غايەت شادۇخۇرام بولدى... شۇ ئەسنادا ھىدايەتلىك ئەمىرنىڭ كۆڭلى ئەنسارىيە ئاستانىسىدا كاتتا يىغىلىش قىلىپ ھىرات شەھىرى ئۇلۇغلىرىنى مېھمان قىلىشنى، ئۇلاردىن پاتىھە سوراشنى تىلەپ قالدى. مۇلازىملىرى چاقىرىقنى تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، 75 قوي، 20 ئات ۋە 30 پاتمان قەنت سەرپلىدى. باشقا خىراجەتلەرنىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق قىياسلاش مۇمكىن...

ئاشۇ يىلى ئۇلۇغ ئەمىر كۆپ ۋاقىت گۇزەرگاھتا بولدى، ئەنسارىيە ئاستانىسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە خانىقا بىنا قىلدى، ئىمكانى بارچە ئۇ ئۇلۇغ زات مازىرىنىڭ ئابادانلىقىغا كۈچىدى. ئەمما شۇنىڭغا قارىماستىن ھەرەمەيىنگە بېرىش ئارزۇسى، ھەزرىتى پەيغەمبەر قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش خىيالى قۇتلۇق ئەمىرنىڭ دىلىدىن زادىلا كەتمىدى. شۇ يىلى بىر نەچچە بارە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا ئالىي دەرىجىلىك ساھىبقىراندىن رۇخسەت تەلەپ قىلدى ۋە ئۇ ھەزرەت ھەر قېتىم رازىلىق بېرەر، ئەمما يەنە پۇشايمان قىلىپ، ساپ دىل ئەمىر مەنزىلىگە تەشرىپ بۇيرۇپ، توختاپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلاتتى. ئاخىرىدا سۇلتان ئۆز مۇبارەك خاتىرى خاھىشىدىن كەچتى ۋە ئىجازەت بېرىپ يول پەرمانىنى مەرھەمەت قىلدى. ئەمما بۇ ھۆكۈم قولغا كىرگەندە ئاپتاپ جەۋزا ئاخىرلىرىدا ئىدى. ھاۋا ھارارىتىنىڭ شىددىتى سەۋەبلىك سەپەر ناھايىتى قىيىنغا چۈشەتتى. شۇڭا ھەرەمەيىنگە جۈنەشنى سۇمبۇلە ئېيىنىڭ باشلىرىدا باشلاشقا قارار قىلىندى.

شۇ ئەسنادا زەپەر بايراقلىق ساھىبقىران شاھزادە ھۇسەيىن مۇھەممەد مىرزىنىڭ باش كۆتۈرگىنى سەۋەبلىك ئاستىرابات تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ھىدايەتلىك ئەمىر نەۋائىينىڭ مۇلازىملىرى زور غەيرەت بىلەن ھىجاز سەپىرىگە ھازىرلىق كۆرۈشكە مەشغۇل بولۇشتى. ئالەمنى كەزگۈچى مىررىخ ئاتارۇدنى ئۆز قولى بىلەن مۇنەۋۋەر قىلغاندا ھاۋادا بىر ئاز مۆتىدىللىك پەيدا بولدى. ئالىي ھەزرەت نەۋائىي 906 - يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيى ئاخىرىدىكى چارشەنبە كۈنى (1500 - يىل 25 - ئاۋغۇست) ئاتلاندى ۋە شۇ يۈرۈش بىلەن ئەينۇلھەياتتا چۈشۈپ، جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۇ يەردىن مەشھەد تەرەپكە، بەلكى ئەڭ مۇقەددەس ۋادىغا راۋانە بولماقچى ئىدى. لېكىن شۇ ئەسنادا ساغلام كۆڭۈلگە يېقىمسىز بولغان ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، نۇجۇم (يۇلتۇز) ئۆلىمالىرى ھۆكمىگە كۆرە بەختلىك سائەت بولغان سەككىزىنچى سەپەر پەيشەنبە (1500 - يىل 3 - سېنتەبىر) كۈنى ئۇ يۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش خىيالى بىلەن شەرەپلىك مەنزىلگە قايتتى. ئەمما مەزكۇر ئاينىڭ ئون ئىككىنچىسى (7 - سېنتەبىر) جۈمە كۈنى ناماز ئاداسىدىن كېيىن مەشايىخ، ئۆلىما ۋە ئەھلى ئىرشاد جۈملىسىدىن شەيخ جالالىددىن ئەبۇ سەئىد پۇرانىي، جانابىي شەيخۇلئىسلام سەيپىددىن ئەھمەد تەفتازانىي، شەيخ سوفى ئەلى، مەۋلانا مۇئىنىددىن فەرەھىي، مەۋلانا كامالىددىن ھۇسەيىن كاشىفىي، مەۋلانا ھەمىدۇددىن تەبادكانىي، خوجا ئىمادۇددىن ئابدۇلئەزىز ئەبھەرىي، سەيىد ۋە نەقىبلەردىن ئەمىر قەۋامىددىن ھۇسەيىن مازەندەرانىي، ئەمىر جامالىددىن ئەتائۇللاھ ئەسلىي، ئەمىر نىزامىددىن ئەبۇلقادىر، ئەمىر شەمسىددىن مۇھەممەد ئىبن ئەمىر يۇسۇپ رازىي ھەمدە ھىرات شەھىرى ۋە ئەتراپىنىڭ باشقا ئەئيانۇ - ئەشرەپ، رەئىس - ئاكابىرلىرى ئول

ھەزرەتنىڭ خىزمىتىگە يېتىشىپ ئەرز قىلىشتىكى: «سىزنىڭ پەيز بەركەتلىك زاتىڭىز خۇراسان ئۆلكىسى تىنچلىقىنىڭ ۋە ئىنسانلار ئاسايىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ دىيار سۇلتان ساھىبقىران ۋۇجۇدىدىن خالىيدۇر. ئەگەر يۇرت سىزنىڭمۇ مۇبارەك پەيزلىك نۇرىڭىزدىن چەتتە قالسا، مۇمكىنكى، پىتنەلەر يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى ئىمكانسىز بولۇپ قالغۇسىدۇر. بولۇپمۇ ئۆزبېك پادىشاھى شەيبانىخان ماۋرائۇننەھرنى ئىستېلا قىلغان، ئەمدى ئۇنىڭ ئامۇدىن ئۆتۈش خاھىشى بارلىقى مەلۇم. شۇ كەمدە يەنە ئىراق ۋە شام ئەھۋالى غايەت پەرىشان ۋە يوللار ناھايىتى تىنچسىز بولغانلىقتىن شەرئەتتىمۇ مۇنداق پەيتلەردە ھەج ۋاجىپ ئەمەستۇر. بۇ پېقىرلەرنىڭ ئىلتىماسى شۇكى، يەنە بىر بارە خۇراسانلىقلار جېنىغا ياخشىلىق قىلىپ، بۇ يىل ھەج سەپىرى نىيىتىدىن قايتسىڭىز ۋە بۇ خەيرلىك ئىش ساۋابىنى يەتمىش بارە پىيادە ھەج قىلغاندىن ئارتۇق بىلسىڭىز».

قۇدرەتلىك ئالىي ھەزرەت مۆلايىملىق بىلەن دېدىكى: «بارچىگە، بەلكى ئالەم ۋە جاھان ئەھلىگە روشەن ۋە مەلۇمكى، ئۇزاق مۇددەت ۋە ۋاقىتلاردىن بېرى مۇبارەك سەپەرنى ئۆتەش ھەۋىسى باشتا ۋە شۇ پىكىر خاتىرىدە مەھكەم ئورنىشىپ قالغان. ھەر سەپەر ئۇ تەرەپكە جۇنەش نىيىتى ئۇستىدە ھالى قۇدرەت ھازىرلىق كۆرۈلۈشكە باشلىغاندا ساھىبقىران ئۆزرىسى بىلەن توختاپ تۇرغان ئىدۇق، ۋەھالەنكى، بۇ قېتىم پۇختا خىياللار بىلەن ئىجازەت بېرىپ، مۇبارەك پەرمان مەرھەمەت قىلىنغان، ئۆزىمىز ھەم مۇلازىملارنىڭ ھازىرلىقى ئۇچۇن كاتتا مەبلەغ سەرپ بولغان ئىدى... شۇنداق بولسىمۇ ‹مۆئمىن قەلبىگە خۇرسەندچىلىك كىرگۈزۈش پۈتۈن ئىنسانلار ئىبادىتىدىن خەيرلىكراقتۇر› دېگەن سۆز تەقەززاسى بىلەن ئىلتىماسلىرىڭىزنى

قوبۇل قىلۇرمىز ۋە ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن بۇ سەپەرمۇ ھەم ئۆزىمىزنى بۇ خاھىشتىن قايتۇردۇق». بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىش بىلەن ھەممىدە بىنىھايەت مەمنۇنىيەت سادىر بولۇپ، سۆيۈنچ ۋە شادلىق بىلەن ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى. ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرگە بولغان ئىخلاس كەمىرىنى قايتىدىن جان بەللىرىگە باغلاپ، ئىغىزلىرىنى دۇئا ۋە ساناغا ئىچىشتى.

ئاشۇنداق سەۋەبلەرگە بىنائەن ئۇ ئالىي ھەزرەتكە مەككەئىي مۇكەررەمەگە ۋە مەدىنەئىي تەييىبەگە يېتىشىش سائادىتى ھاسىل بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن پاكىز ئېتىقادلىق ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنى كۆپ ياخشىلىقلار قىلىپ ئۆز تەرىپىدىن ھەج قىلماق ئۈچۈن ئەۋەتتى. بۇ خۇسۇستا ئاشۇ شەرەپلىك ئۇلۇغلار نامىغا مەكتۇپلار يوللىدى.

يەتتىنچى مەقسەت، مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەت بايانىدا

يورۇق كۆڭۈللۈك ئەقىللەرنىڭ دىللىرى سەھىپىسىگە تەقدىر قەلىمى بىلەن يېزىلغانكى، يېگانە تەڭرىنىڭ قېشىدا ئەڭ ئۇلۇغ سۈپەت — مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەتتۇر. ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ بۇ يېقىن دوستى دائىم شەپقەت ۋە مەرھەمەت ئادەتلىرىنى ئۆزىگە شوئار قىلىپ ئالغان ئىدى. ھەمىشە ئۇنىڭ مېھرىبانلىق ۋە ئىلتىپات قانىتى ئالەم ئەھلىلىرىنىڭ ئۈستىلىرىگە يېيىلىپ، ئاجىزلار ۋە يىقىلغانلارنىڭ كۆيگەن دىللىرى ئۇنىڭ شەپقەت شەربىتى بىلەن ئارام تاپار ئىدى. سىتەم كۆرگەنلەرنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەت يارىلىرى مەرھەمەت مەلھەملىرى بىلەن تۈزۈلەر ئىدى.

بۇ تەرەپلەرنىڭ ھەقىقىتى ۋە مۇددىئانىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن مۇبارەك بايان قەلىمى بىر قانچە ھېكايىنى تەھرىر قىلىشقا قەدەم قويىدۇ ۋە بۇ ۋاراقلارنىڭ سەھىپىلىرىنى بۇيۈكلەرنىڭ

مۇراجىئەت ئورنى ۋە ئالەمنىڭ ئۇلۇغى بولغان زاتنىڭ مەدھىيىسى نىشانلىرى بىلەن زىننەتلەيدۇ:

## ھېكايە

مىرزا سۇلتان سەئىد زامانىدا سۇلتان ساھىبقىران ئەسكەرلىرى ۋاقىت ۋە زاماننىڭ ئېھتىياجى بىلەن بەزىدە خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ ئەتراپلىرىغا چۈشەر ئىدى. بىر چاغلاردا ئۇلاردىن ئىككى نەپىرى ئەمىر ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ قولىغا چۈشتى. ئەمىر بولسا ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى سەمەرقەند ۋالىيسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا ھۆكۈم قىلدى. ھەزرەت سۇلتاننىڭ يېقىن دوستى، دۆلەتلىك ئالىي ھەزرەت بۇ چاغدا ئەمىر ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئوردىسىدا ئىدى. ئەمىرنىڭ بۇ ھۆكۈمىنى ئىشىتىپ، شۇ ھامان ئەمىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ، بۇ ئىككى ئەسىرگە رەھىم قىلىپ، ئۇلارنى مىرزا ئەھمەدنىڭ ئالدىغا تىرىك ئەۋەتىشنى، سۇلتان ئەھۋالنى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىۋاستە ئاڭلاپ تېگىشلىك ھۆكۈم چىقارسا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مەسلىھەت بەردى. بۇ مەسلىھەت ئەمىرگە ماقۇل چۈشۈپ ئالىي ھەزرەتنى ئالقىشلىدى ۋە تۇتقۇنلارنى ئۆز پادىشاھى ئالدىغا ئەۋەتتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئەھۋالىنى ئۇلاردىن بىلگەندىن كېيىن ھەر ئىككىسىنى ھەپس قىلدى. بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن بولسا، ئۇ ئىككىسىدىن بىرى قۇتۇلۇپ، توغرا تەدبىرلىك ئەمىرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە دائىمىي خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەمىرگە ئۇزاق ئۆمۈر تىلەپ ئۆتتى.

# ھېكايە

بىر زاماندا سۇلتان سەئىد ئەمىرلىرىدىن بىر توپى جەھجە ئەتراپىدا سۇلتان ساھىبقىران ئەسكەرلىرىدىن بىر بۆلۈكنى ئەسىر قىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆلتۈرۈش ۋە باشلىرىنى ئۆز پادىشاھى ئالدىغا ئەۋەتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز ئارا تەقسىم قىلىشۋېلىشتى.

ھەزرەت سۇلتاننىڭ دوستى ۋە دۆلەت ئىگىسى ئالىي ھەزرەت نەۋائىي ئەمىر سۇلتان ھەسەن دەرنەگىي ئوغلى مىرزابېك بىلەن ئوردىدا بىرگە ئىدى. شۇ چاغدا ئەسىرلەرنىڭ ئىككى نەپىرىنى ئەمىر سۇلتان ھەسەنگە يەتكۈزۈشتى. خەۋەرچى ئۇ ئىككى كىشىنى كەلتۈرۈپ، ھازىر ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ باشلىرىنى ئەۋەتىشنى ئېيتتى. ئالىي پەزىلەتلىك ئەمىر بۇنى ئاڭلاپ ئەھۋالى ئۆزگەردى ۋە شۇ ئان مىرزابېككە: «مەن ئۇرۇش مەيدانىنىڭ پالانى يېرىدە بىر ئۆلۈكنى كۆردۈم، جاللاتقا بىر ـ ئىككى تەڭگە بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كەلتۈرۈپ ئەسىرلەردىن بىرىنى ئازاد قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. مىرزابېك شۇ بويىچە ئىش كۆردى.

ئالىي ھەزرەت بۇ ئادەمنى خالاس قىلىپ، ئەمدى ئىككىنچىسىنى قايسى يول بىلەن قۇتقۇزۇش پىكرىدە ئىدى. شۇ چاغدا تويۇقسىز خەۋەرچى كېلىپ، ئەسىردىن بىرنى ئۆلتۈرۈشنى، بىر باش ئەۋەتىلسە كۇپايە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن ئۆلۈكنىڭ بېشىنى تاپشۇرۇشتى. ئىككى ئەسىرنى بولسا ئازاد قىلىپ قايتۇرۇۋېتىشتى.

# ھېكايە

بىر كۈنى سۇلتان ساھىبقىراننىڭ مۇبارەك خاتىرىسىگە خارەزم ۋىلايىتىنى تېخىمۇ ئاۋات قىلىش ۋە ئۇ يەردە يېڭى بىنالارنى قۇرۇش خىيالى چۈشۈپ، خۇراساندىن ئۈچ مىڭ ئائىلىنى خارەزمگە كۆچۈرۈش ھەققىدە مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. ھەكىم ۋە نۇسرەت ئىگىسى نەۋائىي بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ خەلقنىڭ ھالىغا كۆيۈنۈپ، ئەرز ئورنىدا سۇلتانغا يەتكۈزدىكى: «ئەگەردە بۇ بۇيرۇق ۋە ھۆكۈمدىن ئالىي ھەزرەتنىڭ غەرىزى ئۇ ئىسلام مەملىكىتىنى ئاۋات قىلىش ۋە خەلقنىڭ پەرىشان ئەھۋالىنى ياخشىلاپ راھەتلەندۈرۈش بولسىمۇ، بىراق مېھرى چۈشكەن يۇرت ـ ۋەتەندىن ئايرىلىش سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارغا كاتتا قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر جۇدالىق بولىدۇ. بۇ جامائەتنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىشى بىلەن باراۋەردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئاسانلىقچە ئابادىغا يېتىشىمۇ ئېنىقسىزدۇر. خىراۋانە ئىلتىپاتلىرىدىن ئۈمىد شۇكى، بۇ ئىشنىڭ بەھرىدىن ئۆتكەن بولسىلا، چۈنكى ھەر قاچان تەقدىر ئىرادىسى خارەزمنىڭ ئاۋات بولۇشىغا باغلانغىنىدا، ھېچبىر كىشىنى ۋەتىنىدىن جۇدا بولۇشقا مەجبۇر قىلمايلا ئابادىغا كېلىۋېرىدۇ». ساھىبقىران بۇ سۆزنى بىرىنچى نۆۋەتتە رىزالىق قۇلىقى بىلەن تىڭشىمىدى. شەپقەت نىشانلىق نەۋائىي بۇنى ئون مەرتەلەپ تەكىد قىلسىمۇ بىرەر نەتىجە چىقمىدى. لېكىن يەنە بىر مەرتە جۈرئەت قىلىپ شۇنداق ئەرز قىلدى: «ئۆزىڭىزنىڭ ماڭا بەرگەن پەرمانىڭىزغا بىنائەن ھەربىر مۇھىم ئىش ئورۇنسىز بولسا، توققۇز مەرتە پىكىر قىلىشقا ھەقلىق ئىدىم. خەلقنى خارەزمگە كۆچۈرۈش مەسىلىسى

توغرىسىدا توققۇز مەرتە ئەرز قىلدىم. ئەرز بىرەر جايغا يەتمىدى. شۇڭا چەكتىن ئېشىپ، بۇ ئەھۋالنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئونىنچى مەرتە سىزگە باش ئاغرىقى سالدىم ۋە ئۇنىڭغىمۇ ئۆز مۇددىئايىمغا مۇۋاپىق جاۋاب تاپالمىدىم. ئەمدىلىكتە يەنە بىر كەررە ئۆز ئىلتىماسىمنى تەكرارلاش بىلەن قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن».

ئادالەت شىئار شەھرىيار ئۆز جاۋابىدا: «مەن بىلىمەنكى، سىز دۆلەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر كۈندىن ئارتۇق سەۋر قىلىپ ئۆزىڭىزگە زور بەردىڭىز. بىراق بۇ ئىشنى مەن سەلتەنەت تېگىنىڭ يورۇقى باشلىنىشتىن - ئاق كۆڭۈلدىن ئۆتكۈزگەنلىكىم سەۋەبلىك، ئۇ مەملىكەتنىڭ ئابادانلىقى ھەققىدىكى پىكرىمدىن پۈتۈنلەي كېچەلمەيمەن ۋە ئۆزۈمنى بۇ مەسىلىلەردىن پۈتۈنلەي چەتنىتەلمەيمەن. ئەمدى سىزنىڭ توغرا مەسلىھەتىڭىزگە بىنائەن ئۈچ مىڭ ئۆيلۈك كىشىنى ئىككى بۆلەك قىلىپ، بىر بۆلۈكىنى ئەۋەتىشكە ھۆكۈم قىلدىم» دېدى.

مانا، ئۇ زات نەئەجەب دانادۇركى، شاھ شېرىن سۆزگە قارىغاندا قەھرگە كۆپرەك دەم ئۇرغان چاغدا، ئىچىملىك سۈيى كەبى يېقىملىق سۆزلەرنى ئېيتىپ، شاھنىڭ ئوتىنى ئۆچۈردى.

## ھېكايە

ساھىبقىران بىر قىشتا مەرۋ شەھرىدە قىشلاشنى لايىق كۆرگەن ئىدى. ئەئيانلارنىڭ پاناھلىنىشى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم چېدىر تىكىلگەن بولۇپ، قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر قۇش ئالىي ھەزرەتنىڭ چېدىرىغا بىر قانچە نۆۋەت كىرىپ يۈردى. ئاڭا

www.uyghurkitap.com

ھېچكىم قارشىلىق بىلدۈرمىگىنى ئۈچۈن چېدىر ئىچىگە ئۇۋا ياساپ، تۇخۇم قويىدى. ھۆت مەۋسۇمى ئۆتكەچ سۇلتان ساھىبقىران ئەمدى پايتەخت ھىراتقا يۆتكەلمەكچى بولدى. قۇش بولسا تېخىچە تۇخۇمنى بېسىپ ياتاتتى. دۆلەتلىك ئالىي ھەزرەتنىڭ زاتىدا بولغان شەپقەت ۋە تەبىئىتىدە بولغان مەرھەمەت قۇش بالىلىرىنى تۇخۇمدىن چىقىرىپ، ئۇچۇرۇۋالغىچە چېدىرگە تەگمەسلىكنى ئىستىدى ۋە خوجا ھەسەن بەختىيارغا ئۇ چېدىرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، قۇش بالىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەنگىچە ئۇنىڭ ھەققىنى ئۆز يېنىدىن تەمىن ئەتتى. مەزكۇر خوجىمۇ بۇ ئىشنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ جانىۋارنىڭ بالىلىرىنى چوڭ قىلىپ ئۇچۇرغىچە بۇ چېدىرنى مۇھاپىزەت قىلدى.

## ھېكايە

بىر كۈنى ھىدايەت نەسەبلىك بۇ ئەمىر ئەسىر نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، نامازدا بولمىغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش ئادىتىگە خىلاپ ھالدا توساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خاس باغچىسىغا قاراپ تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى ۋە ھېچ يەردە توختىماستىن يېتىپ باردى. ئەمىرنىڭ يېنىدا بولغان ئادەملەردىن بەزىلىرى بۇنىڭغا ھەيران بولدى. ئالىي ھەزرەت ئۇلاردىكى بۇنداق پىكىرنى ئاڭلاپ، گۆھەر چاچقۇچى تىلى بىلەن شۇنداق دېدى: «مەن مەسچىت تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقىنىمدا بىر يەردە تەرەت ئالغان ئىدىم. جامائەت سېپىگە كېلىپ تۇرغىنىمدا يەلكەمگە بىر چۈمۈلىنىڭ يېپىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. بىلدىمكى، مەن تەرەت ئالغان جايدا ئۇ ماڭا يېپىشقان. ئەگەر ئۇ مېنىڭ يەلكەمدىن چۈشۈپ، ئۆز ئۇۋىسىنىڭ يولىنى تاپالماي ئازار

يەپ قالسا ئۇنىڭ ئۇۋالى ماڭا بولۇشىنى پەملىدىم، شۇڭا تەرەت ئالغان جايغا بېرىپ، ئۇنى ئۇۋىسى ئالدىغا قويدۇم ۋە ئۇنىڭ غېمىدىن خاتىرجەم بولدۇم».

ئالىي ھەزرەتنىڭ كىشىلىرى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەمىرنىڭ غايەت مەرھەمەتلىك ئىكەنلىكىدىن ھەيرانلىق دېڭىزىغا چۆشۈشتى ۋە تىللىرىنى رەھمەت دۇئالىرىغا ئېچىشتى.

توققۇزىنچى مەقسەت، كەرەم ۋە ساخاۋەتنىڭ شاراپىتى ھەققىدە

## ھېكايە

905 - يىلىدا سائادەتلىك شاھزادە مۇھەممەد سەئىد مۇھسىن مىرزا (خۇراسان ئۆلكىسىگە قاراشلىق بىر شەھەر ھاكىمى) مەملىكەتنىڭ بەزى ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن سەبزىۋار قەلئەسىگە بىر مىقدار ئېھتىيات غەللە توپلىماقچى بولدى. ئۇ ۋىلايەتتىن بولسا غەللە تېپىلماس ئىدى. ئەمىرلەر ۋە نائىبلاردىن بىر قىسمى ھەزرەت سۇلتاننىڭ يېقىنى نەۋائىينىڭ بۇ شەھەردە غەللىسى كۆپلۈكىنى ۋە ئالىي پەرمان بىلەن ئۇ غەللەدىن بىر ئاز ئېلىپ، كېيىن غەللە كۆپەيگەندە ئۇ جانابنىڭ ۋەكىللىرىگە بەدىلىنى بېرىشنى مەسلىھەت كۆرسىتىشتى. گۈزەل خۇلقلىق شاھزادە ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بەردى: «ئەمىر جانابلىرىنىڭ غەللىسىدىن بىر مىقدارىنى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلماسلىقى كېرەك».

بۇ خەۋەر ئالىي تەبىئەتلىك ئەمىرنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكەندە، مەخدۇمزادە ھەققىدە ياخشى دۇئالار قىلىپ، سەبزىۋاردا بار بولغان غەللىنى شاھزادىگە تارتۇق قىلىپ، نائىبلارنىڭ بىرىدىن مەكتۇپ

ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپتا: «تەڭرى نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ھەربىر دانە بۇغداي ئورنىدا بىر داندىن مەرۋايىت بولغاندىمۇ، ئۇنىڭغا ھەممىسىنى نەزىر قىلىپ، ئۆزۈمدە بولغان مېھىر - مۇھەببەت تۇخۇملىرىنى ئۇ مەخدۇمزادىنىڭ قەلب ئېتىزىغا چاچقان بولاتتىم» دېگەنلەر يېزىلغان ئىدى.

## ھېكايە

بىر چاغلاردا كىچىلىك مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى خوجا نەسىرىدىن ئۇبەيدۇللانىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى ھەجگە بارغان ئىدى. ئۇ مەككەئى مۇكەررەمدە ماۋرا ئۇننەھرگە سەپەر قىلىش نىيىتى بولغان بىر سودىگەردىن ئون بەش مىڭ تەڭگە قەرز ئالىدۇ. سودىگەر ھەلەپ شەھىرىگە كەلگەن ۋاقىتىدا ماۋەرائۇننەھرگە بېرىش نىيىتىدىن يېنىپ، خوجازادىنى قىستاپ ئۇنىڭ قەرزنى تۆلىمەي تۇرۇپ، يۇرتى تەرەپكە ئالدىنى قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. خوجازادە قەرزنى تۆلىگۈچە ئۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغىنى ئۈچۈن ئادەملىرىدىن بىرىنى قەرزنى تۆلىگۈدەك مەبلەغ ئېلىپ كېلىشكە سەمەرقەندكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئادەم بولسا ھىراتتىن ئۆتۈشىدە دۇنيا ئۇلۇغلىرىنىڭ سۆيۈنچىسى ۋە ئىشەنچىسى بولغان نەۋائىي ھەزرەتنى كۆڭلى تارتىپ، ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ خوجازادەنىڭ ھەلەپكە قەرىزگە بەند بولۇپ توختاپ قالغانلىقىنى، سودىگەرنىڭ قىلمىشى ئۇنىڭغا بەك ئېغىر ئەلەم بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شەپقەتلىك زات خوجازادىگە شەپقەت قولىنى سوزۇپ، قەرزگە يەتكۈدەك مەبلەغ ھازىرلاپ ھەلەپكە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجازادە قەرزدىن خالاس بولۇپ، ۋەتىنىگە قايتىدۇ...

مانا، بۇ مەشھۇر زاتنىڭ ئەخلاقى شۇنداقكى، ئۇنىڭ مەدھىيىسىدە يەنە نېمىلەرنى دېيىش مۇمكىن؟ ئۇنىڭ ئەخلاقى ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدىدۇر. ئۇنىڭ كەرەم ۋە ساخاۋەتلىرىنى بايان قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولۇشمۇ ئارتۇقچە، چۈنكى ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭغا ھەممىگە قادىر تەڭرى تەرىپىدىن بەخش ئېتىلگەن!

## ھېكايە

بىر كۈنى مەدھىيە نىشانلىق ئەمىر زېھنىنى ئېچىش ئۈچۈن مەۋلانا فەسھىددىن ساھىب بىلەن شەترەنج ئويۇنىغا مەشغۇل بولغان ئىدى. شۇ پەيتتە توساتتىن مەدھىيە ئىگىسى ئەمىر بۇرھانىددىن ئەتائۇللاھ ئۇلتۇرۇشقا كىرىپ كەلدى. ئالىي ھەزرەت ئىززەت ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن شېرىن تىللىرى بىلەن ئېھسەنلىك سورىدى ۋە «قەيەردىن تەشرىپ بۇيرۇدىلا، نېمە ئىشلار بار؟» دېدى.

ھۆرمەتلىكلەر نەمۇنىسى جاۋاب بەردىكى: «ھەر كۈنى شەھەردىن مەدرىسەئى ئىخلاسىيەگە قاتناشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن بىر ھويلا ئېلىشنى ئىستەر ئىدىم. مانا ھازىر شۇنداق جاينى تاپتىم. ئۇ جاينى ئۈچ مىڭ تەڭگىگە سېتىپ ئالماقچى ئىدىم. بىراق ئارىغا بىر ئەمەلدار پەيدا بولۇپ، ئۇ ھويلىنىڭ پۇتۇلگەن نەرخىگە ئۇستەك قوشۇپ باھانى ئۆستۈردى. ساتقۇچى بولسا شۇنىڭغا بەرمەك بولۇۋاتىدۇ. ئۈمىدىم شۇكى، مۆلازىملىرىڭىز شەپقەت قىلىپ، باھانى ئۆستۈرگەن كىشىگە نەسىھەت قىلىپ ھويلىنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىشىنى ۋە ماڭا ئۆتۈنۈشىنى تىلىگەن بولسا!» دېدى.

دەريا كۆڭۈللۈك ئەمىر سۈكۈت ئىچىدە ئالدىدىكى شەترەنج مەشغۇلاتىنى تۈگەتتى. ئاڭغىچە ئەمىر بۇرھانىددىن ھەزرەت: «بىلۈ ئىلتىماسىم ئەمىرنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر چۈشكەن بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىپ، دىلى پەرىشان بولغان ئىدى. ھەرھالدا شەترەنج[1] تامام بولدى. ئىھسان ۋە ساخاۋەت مەنبەسى بولغان ئەمىر ئۇ ھۆرمەتلىك زاتقا خىتاب قىلىپ: «ئەگەر پېقىرلارنىڭ بىرىنىڭ كەڭرى سېلىنغان، ھاۋاسى گۈزەل ۋە سۈيى تاتلىق، مەدرىسىگە يېقىن ھويلىسى بولسا، سىزگە ئۆتكۈزسە مۇناسىپراق بولار ئىدى ياكى ئۆزىڭىز ئېيتقان ئاشۇ ھويلىنى قولىڭىزغا ئېلىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلىشىمىزمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلۇغ نەسەبلىك جاناب بۇ سۆزنى ئىشىتىپ شادلىق ۋە خۇرسەندلىك ئىزھار قىلىپ، ئۈمىدۋار بولدى. بىر چاغدا بەلەند مەرتىۋىلىك ئەمىر مەۋلانا مۇئمىنىنىڭ ھويلىسىنى ئالىي ھەزرەتنىڭ دىۋانى (مەھكىمىسى) گە تەئەللۇق مۇلۇك قاتارىدا ئېلىپ قويغان ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈلنى ئاچقۇچى ۋە خۇرسەندلىك كەلتۈرگۈچى بىر جاي ئىدى. شۇ جاينى ئۇ جانابقا ئىنئام قىلىپ، ئۇنى ئىستىگەن مەقسىتىگە يەتكۈزدى.

ساخاۋەت ۋە ھەشەمەت ئىگىسى بولغان ئەمىر سەئىدە ئالىم ۋە پازىللارغا ھەددىدىن ئارتۇق ۋە ھېسابتىن زىيادە قايغۇنى يوقاتقۇچى باغلار ۋە شادلىقنى ئارتتۇرغۇچى جايلارنى ئەنە شۇنداق ئىنئام قىلار ۋە كۆپ مىقداردىكى ياخشى ئېكىنزار يەرلەر ۋە دىلكەش سۇلۇق جايلارنى ئالىي ھەزرەتلەرگە ۋە مەخدۇمزادىلەرگە ھەم پاكلىق پەردىسى بىلەن ئورالغان جايىدا ئولتۇرغۇچىلارغا تارتۇق قىلار ئىدى. ئۇنداق ئىنئام ۋە تارتۇقلارنىڭ مىقدارىنى

---

[1] شەترەنج ــ شاھمات.

ساناپ ھېسابلاشقا كىشى ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھەر قېتىم بۈيۈك مەرتىۋىلىك ساھىبقىران سەپەر قىلىشنى ئىستىگەندە بۇ ساخاۋەت نىشانلىق ئەمىر ۋە ئالىي ھەزرەتكە ۋە ئۇلۇغ شاھزادىلەرگە نەزىر ۋە ھەدىيە يوسۇنىدا كۆپ مەبلەغلەرنى بېرىۋەتتى. شۇنىڭدەك، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، سەدىرلەر... بارچە ھۆكۈمەت كىشىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئېھسان ۋە داستىخىنىدىن نېسىۋىلىك ۋە بەھرىلىك قىلاتتى.

ئۇنىداق ۋەقەلەر كۆپ قېتىم بولغاندۇركى، ھەزرەت ساھىبقىراننىڭ دىۋان كىشىلىرى بىر تۇرلۇك زۆرۈر خىراجەتلەر سەۋەبلىك خەلق ئۇستىگە زور مەبلەغلەر (ئېغىر سېلىقلار) يۈكلىمەكچى بولغانلىرىدا خەلقنىڭ تەشۋىشلىك ھالغا چۈشمەسلىكى ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدا سەلتەنەت قائىدىلىرىدە بۇزۇقلۇق پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن، ئاقچىلارنى ئۆز يېنىدىن تۆلىۋېتەتتى. بۇ كىتابتا بايان قىلىنىشى لازىم بولغانلار قاتارىدا بۇمۇ باردۇركى، 906 - ھىجرىيە يىلىنىڭ باشلىرىدا سۇلتان ساھىبقىران مازەندىران ۋىلايىتىگە تەشرىپ قىلغان ئىدى. ھۆكۈمەت ئىگىسى ئەمىر مۇبارىزىددىن مۇھەممەد ۋەلىبېك نامىغا ھىرات شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىدىن زۆرۈر خىراجەت ئۈچۈن يۈز مىڭ تەڭگە يىغىش قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە مۇبارەك ھۆكۈم كېلىدۇ. جانابىي نەۋائىي ھەزرەت بولسا شۇ قەدەر كۆپ مەبلەغدىن دېھقانلار ۋە مالدارلارنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ ھالدا خەلققە سېلىق سېلىشنى ئالىي دەرىجىلىك ساھىبقىران دۆلىتىگە مەنسۇپ كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇ مەبلەغنى ئۆزىنىڭ يېنىدىن راسلاپ بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئالىي ھەزرەتكە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېسابسىز رەھمەتلەر ئېيتىشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

## ھېكايە

بىر چاغلاردا زەپەر بايراقلىق ساھىبقىران تەرىپىدىن ئاستراباد ۋىلايىتىنى ئىدارە قىلىش سۇلتان بەدىئۇززامان مىرزا قولىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. كۆڭلىنىڭ بىرىدە سائادەتلىك شاھزادە سەيلە قىلىپ يۈرگەن پەيتىدە خۇش خۇلقلۇق ئەمىر نەۋائىي مۇلۇكلىرىدىن بولغان ھەيدەر ئاباد قىشلىقىغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ يەردە ياشىغۇچىلارنىڭ پېئىل - ئىتىبارىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ھەۋەس يۈزىسىدىن: «يارەب، ھەزرىتى سۇلتاننىڭ يېقىن دوستىدىن بىرەر كىشى ۋاستە بولۇپ بۇ قىشلاقنى بىزگە سېتىپ ئېلىپ بەرسە بولماسمۇ؟» دەپ قالىدۇ. بۇ يەردە ئەمىر خىزمەتچىلىرىدىن بولغان خوجا غىياسىددىن مۇھەممەد دېھدار ھازىر ئىدى. ئۇ كىشى بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ شۇ زامانلا: «ۋەلىنېئمىتىم ۋە مەخدۇمىمغا مېنىڭ يېقىنلىق ۋە نائىبلىقىم شۇ قەدەركى، ئۇ ھەزرەتنىڭ مالۇ ئەشياسىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشىم مۇمكىن. ئەمدىلىكتە ئۇ كىشى تەرەپلىرىدىن بۇ قىشلاقنى شاھزادىگە تارتۇق قىلدىم». سۇلتان بەدىئۇززامان مىرزا خۇرسەند بولۇپ، مەزكۇر خوجىغا تەزىم قىلدى. بۇ خەۋەر ئالىي تەبىئەتلىك ئەمىرنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، خوجا غىياسىددىندىن مەمنۇن بولۇپ، بۇ قىلغان ياخشى خىزمىتى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە مەخسۇس تون ۋە بىر ئات پۇلى دەپ 1000 تەڭگىنى ئاسترابادتا ئەۋەتتى.

ئونىنچى مەقسەت: شېرىن سۆزلۈك لەتىپىلەر ۋە كىشىلەر بىلەن خۇش تەبىئەتلىك مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدىكى مۇتەيبۇلەر بايانىدا

«مەن شېرىن تىللىق تۇتى سۈپىتىدە مەلاھەتكە ۋە

يېقىملىق سايرىغۇچى بۇلبۇل سۇپىتىدە فاساھەتكە ئىگىمەن»
دېگۈچى زات يەنە شۇنداق دېگەن ئىكەن: «مۇسۇلمان كىشى
يېقىملىق قىلىق قىلغۇچى ۋە شېرىن سۆز ئېيتقۇچى بولىدۇ.
مۇناپىق بولسا قاتتىق يۇزلۇك ۋە ئاچچىق سۆزلۈك بولىدۇ».

مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئۆزىنىڭ گۆھەر چاچقۇچى سۆزلىرىدە: «ئەگەر بىرەر كىشى بەدبىئىللىق چېگرىسىدىن ۋە ئاچچىق سۆزلۈك دائىرىسىدىن تاشقىرى چىقىش ئۈچۈن قانچىلىك يېقىملىق ھەزىل قىلسا، ھېچ زەرەرى يوقتۇر» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن گويا دىن يولىنى تۇتقان ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە تەرىقەت يولىغا كىرگەن زاتلار مۇتەيۋە ئۈچۈن تىلىنى ئاچار ۋە لەتىپىلەر دۇرلىرىنى بايان يىپىغا تىزار ئىدى. ھەتتا ھەزرىتى پەيغەمبەردىنمۇ كۆلكە كەلتۈرگۈچى سۆزلەر ۋاقىئ بولغىنى ھەققىدە كۆپ نەقىللەر ئېيتىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ دائىمىي بولغان زىددىيەت كۆڭۈل ئەينىكىنى خىرەلەشتۈرىدۇ. ئۇنداق جايدا ھەزىل يوسۇندا بولىدىغان سۆزلەر زىننىتىلا زىددىيەتلىك كۆڭۈلنى روشەن قىلىدۇ.

بۇ مۇقەددىمىنى بايان قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ دوستى، دۆلەت ئىگىسى ئالىي ھەزرەت بەزىدە شېرىن نىشانلىق تىلىنى ھەزىل ۋە مۇتەيۋىگە ئاچار ئىدى ۋە لەتىپە ئالامەتلىك سۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ دۇرلىرىنى بايان يىپىغا تىزار ئىدى. مۇنداق سۆزلەر ئالىي ھەزرەتنىڭ نازۇك زېھنىنىڭ ۋە مۇبارەك پىكرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆتكۈر ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. مانا شۇلاردىن بىر قىسمىنى تەھرىر قىلىشقا جۈرئەت قىلدۇق.

www.uyghurkitap.com

## لەتىپىلەر

مەۋلانا سائىي زالىم نەپس كىشى ئىدى. ئۇ بىر قانچە ۋاقىت ئالىي ھەزرەتنىڭ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بېشىغا كاتتا سەللە ئوروۋالاتتى. ئەمما ئۇنىڭ يېقىمسىز قىلىقلىرى ئالەم ساھىبقىرانىنىڭ نۇرلۇق قۇياشلىق دىلىغا ئايان بولغاچقا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىپ، بېشىدىن سەللىسىنى ئېلىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. دەل شۇ چاغدا ئالىي ھەزرەت ئاقىل ۋە دانىشقا يۈز كەلتۈرۈپ دېدى:

— بېشىڭىزنىڭ يۈكى يەڭگىللىدى. ئەمدى گەردەن يۈكىنى يەڭگىللىتىڭ!

* * *

بىر چاغدا فەرغانىستاندىن ھىراتقا ساندۇق سائەت كەلتۈرۈشتى. ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرنىڭ ئاستانە خىزمەتچىلىرىدىن بولغان مەۋلانا مۇھەممەد نەققاشقا شۇ ساندۇققا ئوخشىتىپ بىر ساندۇق سائەت ياساشنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە بىر تۆمۈرچىنى ئاجرىتىپ بەردى.

بازار ئەھلىنىڭ بىر ئادىتى باركى، ئۇلاردا بىرەر كەمچىلىك سادىر بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن كەلگەن زىيانىنى شۇ قىلىنىۋاتقان ئىشتىن ئۇندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. مەزكۇر ئۇستا بىر كۈنى ئەمىرنىڭ ئالدىدا دېدىكى: «بىر قانچە كۈندىن بۇيان ساندۇق سائەتنى ياساشقا ياردەم بېرىش بىلەن مەشغۇلمەن. شۇ ئارىدا ماڭا خېلى كۆپ زىيان بولدى. شۇ جۈملىدىن قىزىم تەگرىنىڭ

رەھمىتىگە كەتتى». ئالىي ھەزرەت ئۇنىڭغا دېدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئەجەل يەتمىگەنلەر ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئەجەل يەتكەنلەر ھەم ھەرگىز كېچىكمەيدۇ!

*　　　*　　　*

بىر كۈنى ساپ كۆڭۈللۈك ئەمىر فاساھەت ۋە پاكلىق بابىدا زامان شائىرلىرىنىڭ پېشقەدىمى خوجا ئاسەفىيگە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن مۇبارەك تىلىنى بايانغا كەلتۈرۈپ دېدى:

— ساڭا ھەيرانمەنكى، ئۆتكۈر زېھنىڭ ۋە بەلەن تەبىئىتىڭ بولۇپ تۇرۇقلۇق شېئىر ئېيتىش بىلەن كەم شۇغۇللىنىسەن. كۆپ ۋاقتىڭنى پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىسەن.

— شۇ كۈنلەردە كۆپرەك شېئىر ئېيتىشقا مەشغۇل بولۇۋاتىمەن. مەسىلەن: ئۆتكەن كېچە ئىككى پۇللۇق شام يېنىپ تۈگىگىچە ئىككى يۈز بېيىت ئېيتتىم.

شۇندا ئالىي ھەزرەت دېدى:

— دېمەك، يازغان شېئىرلىرىڭنىڭ ھەر يۈز بېيىتى بىر پۇل ئىكەن ـ دە.

*　　　*　　　*

مۇسىقى ئىلمىدا زامانىسىنىڭ يېگانىسى بولمىش مەۋلانا ئەلىشاھ بىر كۈنى دۆلەتمەن ئالىي ھەزرەت نەۋائىيغا ئەرز قىلىپ: «سىزنىڭ ئالىي ئىلتىپات ۋە مەرھەمىتىڭىزدىن ئۈمىدىم شۇكى، ۋەقف باشقۇرغۇچىلار ئالتە ئايلىق مائاشىمنى بىراقلا بەرسە، ھەر ئايدا ئۇلارغا باش ئاغرىقى بولۇپ يۈرمىسەم» دېدى. ئالىي ھەزرەت

جاۋاب قىلىپ:

— مەۋلانا ئۆمرىمىزدىن ئالتە كۈن قالغانلىقىنى بىلمەيمىز. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا سىز ئامانەت ھاياتقا بۇ قەدەر ئېتىقاد قىلىپ ئالتە ئايلىق مائاشىنى ئالدىن تەلەپ قىلىسىز؟ — دېدى.

مەۋلەۋي جانابلىرى دېدى:

— سىز بۇيرۇۋېرىڭ. ئۇلار پۇلنى بېرىۋەرسۇن. تاسادىپىي ئۆلۈپ قالسام، ئاشۇ پۇل گۆر ۋە كېپەنلىكلىكىمگە ياراپ قالار.

شۇئان ئالىي ھەزرەت دېدى:

— ئۆلۈكى ھەم بىر بالا، تىرىكى ھەم بىر بالا دېگىنى سىز ئىكەنسىز ـ دە!

## مۇتەيۋىلەر

بىر كۈنى ساخاۋەت مەيدانىنىڭ ئىگىسى نەۋائىي ئاۋۋالقى زىيارەت كىشىلەردىن ئۆزىنىڭ قىزىق كۆرۈنۈشى ۋە ئاجايىپ سۆزلىرى بىلەن يېگانە ۋە مۇنەۋۋەر بولغان مەۋلانا شىھابىددىن مۇدەۋۋىنگە مەرھەمەت يۈزىسىدىن ئېگەر ـ جابدۇقلۇق بىر ئات ئىنئام قىلدى. بۇ ئىلتىپات مۇناسىۋىتى بىلەن مەۋلەۋى ئۆزىنى ئالىي ھەزرەتنىڭ خاس كىشىلىرى قاتارىدا ھېسابلاپ، خىزمەت ۋە مۇلازىمەتنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئۆتىدى. مەسىلەن: قاچانكى نەۋائىي ئاتقا مىنىپ بىرەر يەرگە بارىدىغان بولسا، ئۇ ھەم خىزمەتتە بولاتتى، ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە يەنە دەرۋازا يېنىدىن بىر دەقىقە نېرىغا كەتمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن لۇتفۇ كەرەم ئىگىسى نەۋائىي ئۇنىڭدىن ناھايىتى قىسىلدى. بىراق ئالىي خۇلقى ئۇنىڭ دىلىنى ئاغرىتىشقا ۋە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئۆز

مۇلازىمەتتىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا يول قويماس ئىدى. ئاخىر خىزمەتكارلاردىن بىرى ئەمىرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئېتىنى ئېلىپ تېزلىكتە بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتتى. مەۋلەۋى شىھابىدىن مۇدەۋۋىن ئۇنى راست ئوغرى دەپ بىلدى ۋە ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ ئىككى تاش يولنى پىيادە باستى. لېكىن ئاتتىن ھېچقانداق دېرەك بولمىغاچقا، بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، يۈگۈرگىنىچە ئىززەت دېڭىزى بولمىش ئەمىر ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق كەيپىياتىنى ئەرز قىلدى. ئالىي ھەزرەت دېدى: ئاتلانغان چېغىمىزدا بىزگە ھەم باش ئاغرىقى بولمايسەن.

ئۇ بۇنىڭغا رازى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئەمىر خىزمەتكارغا دېدى.

— ئاقچىنى مەۋلانىغا بېرىڭ.

ئاتنى ئېلىپ قېچىپ ساتقان كىشى ئۇنىڭغا 94 تەڭگەساناپ بەردى. مەۋلەۋى تەئەججۈپلىنىپ:

— ئىنئام قىلىنغان ئاقچا يۈز تەڭگە بولۇشى كېرەك. نېمىشقا ئالتە تەڭگە كەم بولىدۇ؟ — دېدى. شۇئان بىرەيلەن دېدى:

— ئېتىڭىزنى شۇنىڭدىن ئارتۇققا ئالمىدى.

* * *

خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچىسى نەۋائىي 904 - ھىجرىيە يىلىدا ھىراتنىڭ جامە مەسچىتى بىناسىنى يېڭىلاش ۋە زىننەتلەش ئىشىغا قاتتىق ئىجتىھات قىلدى. ئۇ شاراپەتلىك بىنانىڭ يازمىلىرىنى زىننەت ۋە ھۆسنخەتلەر بىلەن نەقىشلەشنى خوجا

مىرەك نەققاش تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر بولغان سەئىد روھۇللاغا يۈكلىدى. ئۇ كىشى بۇ ئىشتا بىپەرۋالىق يولىنى تۇتۇپ، قەغەز، قەلەمگە كېچىكتۈرۈپ قول ئۇردى. نەققاشلار ئۇنىڭغا قاراپ ئىشلىيەلمەي تۇرۇشتى. بۇ ئەھۋال بارغانچە ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا نە نەسىھەت ۋە نە ئېغىر سۆز كار قىلمىدى. ئاخىرى ساپ كۆڭۈللۈك ئەمىر قىزىق بىر تەدبىر ئىشلەتتى:

خوجا مىرەك نەققاش ھىرات ئەتراپىدىكى سەئىد راۋان قىشلىقىدا دەم ئېلىۋاتقان پەيتتە خوجا جالالىددىن مۇھەممەدكە نەققاش دىۋانى ئالىيدىن قەرز ئالغان بەش مىڭ دىنارنى قايتۇرۇش توغرىسىدا ھۆججەت قەغىزى يېزىپ ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. قەغەزنى سەئىد روھۇللا جانابلىرى تونۇمايدىغان ئىككى مۇلازىمغا بېرىپ، ئۇلارغا «ئاشۇ قىشلاققا بېرىپ خوجا مىرەكنى تۇتۇپ ھۆججەتتە ئېيتىلغان مەبلەغنى سىياسەت بىلەن تەلەپ قىلسۇن ۋە بىز شاھزادە فەرىدۇن ھۇسەيىن مىرزىنىڭ نەۋكىرىمىز دېسۇن» دېگەن ئەمىر بېرىلدى. ئۇ ئىككى كىشى قىشلاققا ھايالسىز باردى ۋە خوجا مىرەكنى تېپىپ، قوپاللىق بىلەن قەرزنى تەلەپ قىلىشتى. سەئىد روھۇللا جانابلىرى بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە: «مېنى مەسچىت جامەگە ئېلىپ بېرىڭلار، يا قەغەزنى قايتۇراي ياكى پۇل تېپىشقا ھەرىكەت قىلاي» دېدى. مۇلازىملار ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، كېچىلەپ ساقلىدى. ئەتىسى سەئىد روھۇللا قاتتىق زارلىنىپ، ئىلتىماس قىلدى: «مېنى مەسچىت جامەگە ئېلىپ بېرىڭلار، بەلكى ئەمىر ھالىمغا رەھىم قىلىپ دىۋان مەنسەپدارلىرىغا ئادەم ئەۋەتەر، قولۇڭلاردىكى قەغەزنى ئېلىپ، بۇ قەرزنى بوينۇمدىن ساقىت قىلىڭلار.»

مۇلازىملار بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ خوجا مىرەكنى

مەسچىتكە ئېلىپ بېرىشتى. ئۇ جاناب ئالىي ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كۆز يېشى بىلەن ئەرز قىلدى:

— تولىمۇ كەمبەغەللىكتە ياشاۋاتقان مۇشۇنداق چېغىمدا بەش مىڭ دىنارنى مېنىڭ نامىمغا يېزىشىپتۇ. ئەگەر مەرھەمەت قىلىپ ئۇشبۇ قەغەزنى قايتۇرۇش چارىسىنى كۆرسىڭىز، ئۈمىد قىلىمەنكى، قىيامەتتە ئۆلۈغ بوۋىلىرىم سىزگە ئۆزرىخاھلىق قىلار.

ئالىي ھەزرەت:

— قەغەزنى قايتۇرۇش بەسى مۇشكۇل، شۇنداق بولسىمۇ، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۇرۇنۇپ كۆرىمىز، پەقەت شۇ شەرت بىلەنكى، سىزمۇ ئونبەش كۈن مۇددەت ئىچىدە بۇ مۇبارەك مەنزىلنىڭ يازمىلىرىنى نەقىشلەش تەشۋىشىدىن بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى تىنچىتسىڭىز، — دېدى.

خوجا مىرەك قوبۇل بارماقلىرىنى كۆزى ئۈستىگە قويۇپ، بۇ خۇسۇستا بىر تىلخەت پۈتۈپ ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى يازدى: «ئەگەر بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بىرەر كۈن ئۆتسە، مەبلەغ خۇسۇسىدا ئۆزرىسىز جاۋابكار بولىمەن». شۇنىڭدىن كېيىن ئالىي ھەزرەت ئەمىر كامالىددىن ھۇسەيىنگە بۇيرۇدى:

— خوجا مىرەكنى ئېلىپ كەلگەن مۇلازىملار بىلەن دىۋانغا ئېلىپ بېرىپ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن، بۇ قەغەزنى قايتۇرۇڭ.

سەئىد روھۇللا جانابلىرى شادۇ خۇرسەند بولۇپ، ئۆز ئۆيىگە يۈگۈرۈپ باردى ۋە تېزلا يېزىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشتىن تامام پارىغ بولغىچە ھېلىقى قەغەز ۋەھىمىسىدىن تاشقىرىغا چىقمىدى.

## خاتىمە

### ئاجايىپ هالەتلەر ۋە ئاجايىپ هېكايىلەردىن بەزىلىرىنىڭ بايانىدا

ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك خاقان شاهرۇھ سۇلتاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خۇراسان شەھەرلىرى پىتنە ـ پاسات يامراپ تەرتىپسىز هالغا چۈشۈپ قالدى. ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆزلىرىگە قاراشلىق ياشلارنى ۋە ئۇلۇغلارنى ئۆزلىرى بىلەن شىراز تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. ئۇ تەرەپتە بىر قانچە يىللارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە كۆڭۈللىرى تارتىشىپ يەزد يولى بىلەن خۇراسانغا قاراپ يۈزلىنىشتى. بىر كېچىسى يول يۈرۈۋېتىپ ھەممەيلەننى ئۇيقۇ بېسىپ، ئۇ چاغلاردا كىچىك بولغان ئالىي ھەزرەتنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن پەرۋاسىز قېلىشتى. ئالىي ھەزرەتنىمۇ ئۇيقۇ ئۆز قوينىغا تارتىپ، ئېتى يولنىڭ چېتىگە چىقىپ خېلى مۇساپىنى يۈرگەندە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. بىراق يول چارچاتقانلىقى ۋە ئۇيقۇنىڭ ئىلكىگە ئېلىشى نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ ئاتتىن يىقىلغىنىنىمۇ سەزمىدى. پەقەت قۇياش چۆل ـ سەھرالارنى يورۇتقاندىلا ئاندىن ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ پايانسىز چۆلدە ياتقانلىقىنى، ئېتىنىڭ بولسا يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئادەمسىز چۆلدە قورقۇنچ چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق ئەقلىنىڭ كۈچى ۋە قابىلىيەتنىڭ دەۋتى بىلەن خۇراسان يولىنى ئىزدەش كېرەكلىكىنى ئويلىدى ـ دە، تېزلىك بىلەن ئاتقا مىنىپ پاراسەتلىك كۆزى بىلەن پەرق ئېتىپ يولنى تاپتى ۋە يولغا چۈشتى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ھاۋانىڭ ھارارىتى ئېشىپ ئۇنى

تەشنالىق باستى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ بوشىشىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا يىراقتا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر قارا نەرسە كۆرۈندى. يەنە بىر مىقدارى يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇ نەرسە تېخىمۇ كىچىك بولۇپ كۆرۈندى. قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ كىچىكلىكى ئارتاتتى. ئۇ نەرسىنى دۆبۈلغىنىڭ قېپى بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلدى، قارا نەرسىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا كۆردىكى ئۇ سۇ توشقۇزۇلغان بىر قاچا ئىكەن. ئۇ سۇنى ئىچىپ ئېھسان ئىگىسىگە شۈكرى بەجا كەلتۈردى. قىزىق يېرى، يەزىدتىن چىققاندىن بېرى مۇنداق تاتلىق سۇ تېپىلمىغان ئىدى. بۇ سۇ بولسا شۇنچىلىك مەززىلىك ئىدى.

بۇ ياخشى ئاقىۋەتلىك بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە بۇرادەرلىرى بىر مەنزىلگە يېتىپ توختىغانلىرىدا ئۇ بالىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشتى. كۆڭۈللىرىنى كۆپ پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىك باستى. ئاتا ـ ئانا سائادەتلىك بالىسىنى شۇنچە ئىزدىسىمۇ ھېچبىر دېرىكىنى ئالالمىدى. ئاخىرى مۇلازىملاردىن بىرىنى بالىنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن يەزىد تەرەپكە قايتۇردى. مۇلازىم بىر ئاز يول يۈرگەندىن كېيىن مەخدۇمزادىنى ئۇچراتتى. بالا ئاتا ـ ئانىسى ۋە بۇرادەرلىرى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ئېغىر دەرىجىدە تەشنالىقتا قالغانلىقىنى ۋە سۇ تېپىلغانلىقىنى بايان قىلدى. ھەممە ئۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ ھەيران بولۇشتى ۋە شېرىن سۇنى نېسىپ قىلغىنى ئۈچۈن تەڭرىگە دۇئالار قىلىشتى.

## ھېكايە

بىر ۋاقىتلار سەمەرقەند شەھىرى گۈزەل سۈپەتلىك ئەمىرنىڭ نۇرلۇق يۈزلىرىدىن جەننەت كەبى نۇرلانغان ئىدى. ئەمىر

نىزامىددىن سۇھەيلىي مىرزا سۇلتان ئەھمەدنى مەدھىيىلەپ بىر قەسىدە تۈزۈپ ئالىي ھەزرەتنىڭ نەزىرىگە يەتكۈزدى ۋە ئۇنى ئۆزى تېپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ زات قەسىدىنىڭ بېيىتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئېيتتىكى: «مەدھىيە ئېيتىلگۈچىنىڭ ئىسمىغا زىننەتلەنگەن بېيىتلەردىن ئاخىرقى بېيىت ئورنىغا باشقا بېيىت سېلىش لازىم. شۇندىلا سۆزلەر بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ». جانابىي سۇھەيلىي ئېيتتى: «مەندىمۇ شۇنىڭ تەشۋىشى بار ئىدى. ئۈمىد قىلىمەنكى، شەپقەت يۈزىسىدىن ئۇ بېيىتنى سىز ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز»، ئالىي ھەزرەت: «مەن ئويلاپ كۆرەي، سىزمۇ پىكىر قىلىڭ» دېدى.

ئىككىيلەن ئالدىغا دۇۋەت، قەلەم ۋە بىر پارچىدىن قەغەز قويۇشۇپ ئوي - پىكىر دېڭىزىغا غەرق بولۇشتى. بىر چاغدا ھەر ئىككىسى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ بىردىن بېيىت يېزىشتى ۋە ئۇنى بىر - بىرىگە سۇنۇشتى. ئويلىمىغان يەردىن ئىككىيلەننىڭ يازغان بېيىتلىرى ئوپمۇ ئوخشاش چىقتى.

## ھېكايە

ئالىي ھەزرەت ئەمىرنىڭ كىتابخانىسىدا ياقۇتىي دېگەن كاتىپنىڭ خېتى بىلەن يېزىلغان ۋە بىر نەچچە سەھىپىسى يوقالغان قۇرئان بار ئىدى. ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك خاتىرى ئاشۇ نەپىس تۆھپىنى تولۇقلاشنى ئىستەپ، چۈشۈپ قالغان سەھىپىلىرىنى يېزىپ چىقىشنى خوجا ھاپىز مۇھەممەد ھۇففازغا تاپشۇردى. خوجا ھاپىز مۇھەممەد بىر نەچچە كۈن مابەينىدە قانداق يول بىلەن ئارتۇق - كەملىك قىلمايدىغان، بېتى - بېتىگە توغرا كېلىدىغان قىلىپ يېزىش چارىسىنى ئىزدىدى. شۇ

پەيتتە ئۇ ھەزرەتنىڭ قولىغا مەۋلانا شەمس مەئىرۇف قەلىمگە مەنسۇپ قۇرئان نۇسخىسى چۈشتى. ئۇنىڭ خېتى ۋە كۆرۈنۈشىنى سەھىپىسى يوقالغان ئاشۇ قۇرئانغا يېقىن كۆرۈپ، «چۈشۈپ قالغان سەھىپىلىرىنى شۇنىڭدىن كۆرسىتىڭىز، ئېھتىمال ماس چۈشەر» دەپ خوجا ھاپىز مۇھەممەدكە ئەۋەتتى. دەرۋەقە مەۋلانا شەمس مەئىرۇف بۇنى ئىلگىرى ئاشۇ ياقۇتىي قۇرئانىدىن بەتمۇ بەت، خەتمۇ خەت كۆچۈرگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ سەھىپىلەرنى تولۇقلاپ كۆچۈرۈش ئاسانغا چۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالىيجاناب ھەزرىتى سۇلتاننىڭ يېقىن دوستىنىڭ بۇ پانىي دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ئالمىگە كۆچكەنلىكىنىڭ بايانى

ئەقىل ئىگىلىرىگە مەلۇمكى، ستەمكار زامانە ئىنسانلارغا سالىدىغان جاپا سەرمايىسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ بارىدۇ. پازىل كىشىلەرگە ئېنىقدۇركى، جاڭجالكەش پەلەك ۋاپا ئەھلىلىرىنى تىنچ ۋە خاتىرجەم قويمايدۇ.

بۇ سۆزلەرنىڭ شەرھى شۇكى، ھىجرىيە 906 - يىل جامادىيەل - ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى (مىلادىيە 1500 - يىل 23 - دېكابىر) دا ئادالەتلىك ساھىبقىران (ھۇسەيىن بايقارا) نىڭ مۇبارەك بايرىقى ئاستىرابات يۇرۇشىدىن سەلتەنەت تەختىنىڭ قارارگاھىغا يۈزلەندى.

بۇ شادلىق خەۋىرى ناھايىتى تېزلا ھىرات خەلقىغە يېتىپ كەلدى. ھىدايەت نەسەبلىك، كاتتا ئابرۇيلۇق خاقانىي دۆلىتىنىڭ تايانچى، سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ دوستى ئالىي ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىي خاقاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جامادىيەل - ئاخىر ئېيىنىڭ يەتتىنچىسى، سەيشەنبە (مىلادىيە 1500 - يىل 29 - دېكابىر) كۈنى قەۋسىيە قىشلىقىغا بېرىپ پەريات رابىتىنى مۇبارەك يۈزىنىڭ نۇرى بىلەن جەننەتكە ئايلاندۇردى. كېچە ئاشۇ يەردە قونۇپ ۋە تاملىرىغا ئاللىكىملەر تەرىپىدىن يېزىلغان بېيىتلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىن ئىچىگە كىردى، توساتتىن

ئـول ھــەزرەتنىڭ مۇبــارەك كــۆزى شــۇ قۇرلارغــا چۈشــتى: مۇشــۇ دەقىقىدە ھۆكۈمالارمۇ ئاجىز قالدى، ئىنسان تەڭرىنىڭ قازاسىغا قارشى نېمىمۇ قىلالايدۇ؛ تومۇرنىڭ سوقۇش رىتىمى ئۆزگەرگەندە ئەپلاتۇننىڭ پۈتىمۇ ئاجىزلىق لېيىغا پېتىپ قالىدۇ. مىجەزنىڭ ياخشىلىقى يامانلىششىقا يۈز تۇتقاندا ئەبۇئەلى ئىبن سىنانىڭ «قانۇن» ى بىھۇدە نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىشەنچ ۋە ئېچىنىش ئىزھار قىلىپ ئېيتتىلەركى، «توغرا، ھەممە ئادەم ئۇ دۇنياغا بارماق لازىم. ئۆلۈم ۋە ھايات ياراتقۇچىسىنىڭ ئىستىكىنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ».

شۇ كۈنى ئۇ يەردىن پاياب ① رابىتىغا باردى. پەيشەنبە كېچىسى (مىلادىيە 1500 - يىل 31 - دېكابىر) بۇ يەرگە لەشكەر گاھتىن مەۋلانە ۋايىس كېلىپ «ئەلا ھەزرەت بۇگۈن كېچە ئەمىر شاھ مەلىك رابىتىغا تەشرىپ بۇيرۇدىلەر، بۇ يەردىن ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

«ۋىسال مەنزىلى يېقىنلاشسا، شەۋق ئوتى كۈچىيىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش، ماختاشقا لايىق ساھىبقىراننى كۆرۈش شەۋكىتى بىلەن شادلىقنىڭ ئۈستىگە شادلىق قوشۇلغان ئول ئەمىر خۇشاللىق ياشلىرىنى كۆزلىرىدىن راۋان قىلىپ، بامدات نامىزىنى بۇرۇنراق ئادا قىلىپ رابىتىغا قاراپ يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە ھامان مۇبارەك پېشانىسىدىن شادلىق ۋە خۇرسەنلىك نۇرلىرى پارلىدى. پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا ئۇچرىغان ھەر بىر مۇلازىمى ھال - ئەھۋال سوراش ۋە كۆڭۈل ئوۋلاش بىلەن ئۇنى خۇشال قىلاتتى. بىر پەرسەخ② كە يېقىن يول يۈرگەندىن كېيىن ساھىبقىراننىڭ دەبدەبىلىك ۋە كۆركەم مەپىسى كۆرۈندى. دەل شۇ چاغدا خۇدانىڭ

① پاياب ــ يەر ئىسمى.

② پەرسەخ ــ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

ئىنايىتى بىلەن ئۇل زاتنىڭ مۇبارەك بېشى ئايلاندى. ئالىيجاناب ئەمىر خوجا شاھابىددىن ئابدۇللانى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ: «مېنى ئىھتىيات قىلىشتىن غاپىل بولماڭلار، ئەھۋالىم ئۆزگىرىپ قالدى» دېدى ھەمدە ئەلا ھەزرەتنىڭ قولىنى سۆيۇشكە ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشتى. توساتتىن پەيدا بولغان كېسەللىكنىڭ كۈچىيىشى ئاخىرقى پەللىگە يەتكەنلىكى ۋە مېڭىشقا مادارى قالمىغانلىقىدىن، مەزكۇر ئەمىر (شاھابىددىن ئابدۇللا) ۋە مەۋلانە جالالىددىن قاسىم ئۇنىڭ قولتۇقلىرىغا كىرىپ، ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ بېشىنى بۈيۈك شەۋكەتلىك پادىشاھنىڭ قۇچىقىغا قويۇشقا ئاران ئۈلگۈرەلىدى. ئەلا ھەزرەت ئۇل بۈيۈكلۈك ۋە شان ـ شەۋكەتنىڭ ئاساسى بولغان ئەمىر (نەۋائىي) نىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بارلىقىنى كۆرۈپ، غايەت زور قايغۇغا پاتتى، غەمكىن بولدى. بۇ يەر توختاش جايى بولمىغانلىقتىن، ھال ـ ئەھۋال سوراش ۋە ئىلتىپات مۇراسىملىرىدىن كېيىن، يولغا چۈشتى. شۇ ئارىدا بۇ كېسەل پالەچكە ئايلىنىپ، ئالىي نەسەبلىك ئەمىردە قايتا ھەرىكەت قىلىش ۋە سۆزلىشىشكە ماجال قالمىدى. ئەمىرنىڭ خىزمىتىدە بولغان بارلىق ئۇلۇغلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن خىزمەتكار ۋە مۇلازىملار ئۇل ھەزرەتنى مەپىگە ياتقۇزۇپ، شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يول ئۈستىدە مەۋلانە نىزامىددىن ئابدۇلھەي ۋە مەۋلانە شەمسىددىن مۇھەممەد گىلانىي دانالارنىڭ مۇۋاپىق تېپىشى بىلەن ئۇل زاتنىڭ تومۇرىدىن مۇشكۇل قىيىنچىلىق بىلەن قان ئالدى. بىراق بۇنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى.

«بولدى قىل، ئەي تېۋىپ، ئىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن.» نائىلاج قايغۇلۇق كۆڭۈل ۋە ياشلانغان كۆز بىلەن ئۇل ھەزرەتنىڭ غەم ـ ئەندۇھ كارۋىنى بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە ئاتلاندى.

ئەي دىل، تەتۇر پەلەكنىڭ تەبىئىتىدە ئارام بولمىغاچ،

ئۆنىڭدا ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، كىشىدە قانداق ماجال بولسۇن.
جۈمە كۈنى (مىلادىيە 1501 - يىل 1 - يانۋار) كېچىسى يېرىم كېچىدە، خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچىسىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىلەر. ئەتىسى سەھەردىلا شەھەر تېۋىپلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى ئۇل ھەزرەتنىڭ بېشىغا يىغدى. بۇلار داۋالاشقا ھەر قانچە ھەرىكەت قىلىپ، تۈرلۈك دورا - دەرمانلارنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ بىماردا تۈزۈلۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئەھۋالى سائەتمۇ سائەت ئېغىرلىشىپ زەئىپلىكى كۈچىيىشكە باشلىدى. «ئەجەل كەلگەندە، داۋالاشتىن نېمە پايدا؟»
ئەشۇ كۈنى سۇلتانى ساھىبقىران شەھەرگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇل ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىيغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن باغى جاھانئاراغا بارماي، ئۇدۇل ھەشەمەتلىك ئەمىر ھۇزۇرىغا تەشرىپ بۇيرۇدى. ئۇل ھەزرەتنىڭ كېسىلىنىڭ بىنىھايەت ئېغىرلىقىنى سېزىپ كۆپ ياش تۆكتى ۋە قاتتىق قايغۇ - ھەسرەت بىلەن باغقا قايتتى. ئەمما تېز - تېز ئادەم ئەۋەتىپ ھال - ئەھۋال سوراش مۇراسىمىنى بىجا كەلتۈرۈپ تۇرار ۋە غەم، ئىزتىراپنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىدىن، ئىستىراھەت تۆشۈكىدە بىر دەقىقىمۇ ئارام ئالالماس ئىدى. شەنبە (مىلادىيە 1501 - يىل 2 - يانۋار) كۈنى ھەم ياخشى خىسلەتلىك ئەمىرنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرمىدى، بەلكى زەئىپلىك بارغانسېرى كۈچىيىپ، كېسەللىك شىددىتى ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئاقىۋەتتە مەزكۇر ئاي (جامادىيەل ئاخىر) نىڭ ئۇن ئىككىنچىسى يەكشەنبە (مىلادىيە 1501 - يىل 3 - يانۋار) كۈنى سەھەردە ھەق چاقىرىقىنى «لەببەيكە» دەپ قوبۇل قىلىپ باقىيلىق بارىنى روھ ئالغۇچىغا تاپشۇردى ۋە ھايات گۈلشىنى بۇلبۇلىنى ئالىي چىمەنگە يولغا سالدى.
تا، بۇ جاھان مەۋجۇت بولغاندىن باشلاپ شۇنداق بولغان ھەم

شۇنداق بولىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ.

مەھشەر كۈنىنىڭ غوۋغا، توپىلىڭى پۈتۈن جاھاننى چىرمىۋالدى، ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ يىغا ـ زارىسى، چوڭ ـ كىچىكنىڭ پەريادۇ پىغانى ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتانى ساھىبقىران ۋە پادىشاھ خاندانىنىڭ بەزى ئەزالىرى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئول ھەزرەت (نەۋائىي) نىڭ خانىدانىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئىززەت تەختىدىن ماتەم پەگاسىغا چۈشۈپ نالە ـ زار ۋە يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن يۇيۇش، كېپەنلەش قائىدىلىرىنى ئادا قىلدى. زەپەرلىك ساھىبقىران، ھەشەمەتلىك ئەمىرلەر، ئىسلام ماشايىخلىرى، بۈيۈك سەئىدىلەر، ئالىم ۋە پازىللار ۋە جىمى خەلق رەھمەت ئىگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدى. بارلىق غەمكىنلەر ئاھىنىڭ ساداسى، يىغىدىن دۆلەتكە ئېرىشكەن خەسىسلەرنىڭ كىبىر ـ ھاكاۋۇرلۇقىدەك ئاسمانغا يەتتى ۋە يۈرەك خۇنابلىرى بەختى قاچقان سېخىيلارنىڭ ياش گەۋھىرىدەك كۆز چاناقلىرىدىن توختاۋسىز تۇپراققا تۆكۈلەتتى.

شۇ چاغدا ھاۋا جەۋھىرى شاھ ۋە گادايلارغا قوشۇلۇپ، چەكسىز ياش قەترىلىرىنى ياغدۇردى، بەلكى روھ بۇلۇتىنىڭ رەيھاندەك خۇش پۇراق تامچىلىرى ئۇنىڭ ئەرشتەك مۇئەززەم تاۋۇتىنىڭ ھەممە تەرىپىگە قونۇپ تۇردى.

ئاسماننىڭ كۆزلىرىدىن شەپەق قانلىرى تامدى. ئاي يۈزلىرىنى تىرنىدى، زۆھرا چاچلىرىنى يۇلدى. شۇ ماتەم ۋاقتىدا تۈن قارا تون كىيدى. تاڭ بولسا، سوغۇق ئاھ چېكىپ ياقىسىنى يىرتتى.

ھىرات ھېيتگاھىدا ناماز چۈشۈرۈلدى، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ جامە مەسچىتى يېنىدىكى ئىلگىرى مەخسۇس ياساپ قويۇلغان

گۇمبەز ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ دەپنە قىلىشتى. «ئەي تۇپراق، باغرىڭدا نېمە بارلىقىنى قانداق بىلىسەن؟» شۇ كېچىسى بۇيۇك سەئىدلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ جەزبىلىك قەبرىنىڭ بېشىدا تۇنەپ قېلىشتى. قارىيلار تاڭ ئاتقۇچە تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كىرىپىك قاقمىدى.

ئەتىسى قۇياش ماتەم تۇتقان كىشىلەردەك ئاسماننىڭ كۆك چاپىنىنى كىيدى، يۇلتۇزلار تۇركۇمى ئادەمنىڭ كۆز يېشىدەك يەرگە تۆكۈلدى. ۋاپادار ساھىبقىرانمۇ رەھمەتكە سازاۋەر ئەلىشىر نەۋائىي ئۈچۈن ماتەم بىلدۈردى. پايتەخت ھىراتنىڭ ئۇلۇغلىرىمۇ خىزمەتكە كېلىپ، تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىنى بىجا كەلتۈردى. شۇ كۈنى ھىرات شەھىرىنىڭ كۆپلىگەن مەسچىتلىرىدە خەلق ماتەم جانامازىغا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتنىڭ روھىنى شاد قىلىش ئۈچۈن خەتمە قۇرئان بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئۇنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن ھەر بىر ئۆينى ماتەم چۇلغىدى، تەرەپ ـ تەرەپتىن نالە قوزغالدى. بۇ پاجىئەلىك مۇسىبەتتىن بۇ قايغۇلۇق ئۆلۈمدىن ھەرقانداق باغرى تاش قەلبكىمۇ ئوت تۇتاشتى.

سۇلتانى ساھىبقىران ئۈچ كۈنگىچە ئول كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇچىلارنىڭ يولباشچىسىنىڭ ئۆيىدە تۇردى. سەدىقە ۋە نەزىر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇر چاچقۇچى زاتنىڭ مازىرىنىڭ بېشىغا بېرىپ زىيارەت شەرتلىرىنى بىجا كەلتۈردى. ئالىي نەسەب ئەمىرنىڭ ئۇلۇغ بۇرادىرى ئەمىر نىزامىددىن شەيخ بەھلۇل ۋە ئول جانابنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئەمىر كامالىددىن سۇلتان ھۇسەيىنگە ۋە ئالىي ھەزرەتنىڭ باشقا يېقىنلىرى ۋە مۇلازىملىرىغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى ھەمدە ئاشۇ كۈنى سۇلتانى ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئالىي قەدىرلىك ئەمىر مۇبارىزىددىن مۇھەممەد باھادىر، ئەمىر خوجا ئەپزەلىددىن

مۇھەممەد جانابلىرى ۋە ئالىي دەرگاھ (ئوردا) ئەمىرلىرىنىڭ سەردارى خوجا شاھابىددىن ئابدۇللا ھىرات شەھىرىنىڭ ماشايىخ، سەئىد، ئالىم ۋە پازىللىرىنى رەھمەت ئىگىسى (نەۋائىي) نىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ، تۈرلۈك - تۈمەن تائام تارتتى. بىراق سائادەتلىك ساھىبقىراننىڭ ئالىي ھىممىتى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمىدى. ئۇنىڭ روشەن خاتىرىسىدىن ناھايىتى كاتتا بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈش پىكرى كەچتى. ئۇلۇغ ئەمىرلەر مۇراسىم ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىدى. بۇ نەرسىلەر بىلەن بىرگە يەنە 250 قوي، 70 ئات ۋە ئۆكۈز سەرپ قىلىندى. مەزكۇر ئاينىڭ 23 - كۈنى يەنى پەيشەنبە (مىلادىيە 1501 - يىل 14 - يانۋار) كۈنى ئۇلۇغ ماشايىخلار، ئالىي دەرىجىلىك سەئىدلەر، ئالىملار، پازىللار، ئۇلۇغلار، ئايانۇ ئەشرەپلەر[1] نى چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا تەكلىپ قىلدى. سۇلتانى ساھىبقىرانمۇ شۇ يەرگە تەشرىپ بۇيرۇپ، يىغىلىشنى مۇنەۋۋەر قىلدى. مول - مول تائاملار تارتىلىپ قۇرئان ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى جەننەت باغچىسىدا ياتقان زات (نەۋائىي) نىڭ قېرىنداشلىرى، يېقىن دوستلىرى ۋە خادىملىرىغا قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى ھازىدارلىق لىباسىدىن ئازاد قىلدى (قارىسىنى سۇندۇردى). كېيىن ئۇلارنى ساھىبقىران ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، پادىشاھانە ئىلتىپاتلار ۋە شاھانە ئىنايەتلەر بىلەن ئۈمىدۋار قىلدى. ئىززەت ۋە بۈيۈكلۈك تايانچىنىڭ ۋاپاتىدىن 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە بىر مەركە ئۆتكۈزۈشنى خىيال قىلدى. ئەمىر كامالىددىن سۇلتان ھۈسەيىن ۋە خوجا جالالىددىن مۇھەممەد بۇ ئىشنى

[1] ئايانۇ - ئەشرەپ — يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئەمەلدارلار.

باشقۇرۇشقا كىرىشىپ، 100 گە يېقىن قوي، ئىككى توققۇز ئات سويدۇرۇپ، خىيالىغا نېمە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىراق قىلىپ ئالىي ھەزرەتنىڭ مۇبارەك مەنزىلگاھىدا تۇرلۇك ـ تۈمەن تائاملارنى ھازىرلىدى. رەجەپ ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى، يەنى پەيشەنبە كۈنى (مىلادىيە 1905 ـ يىل 19 ـ فېۋرال) ۋاپادار ساھىبقىرانمۇ ئۇ جايغا تەشرىپ بۇيرۇدى. ئۇلۇغلار ۋە بۈيۈك زاتلار يەنە جەم بولدى. ئۇلۇغ ئەمىرلەر ئاش تارتىشقا كىرىشىپ، قېرىلار قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. شۇ چاغدا زامانىسىنىڭ خەدىچىسى مەھدى ئۇليانىڭ مۇلازىملىرى مۇسىبەت ئەھلىگە قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيگۈزدى.

ئالىيجاناب مۇدەررىس پەسھەددىن مۇھەممەد نىزامى قىرىق يىل چامىسىدا ئالىي ھەزرەتنىڭ سۆھبىتىدە بولغان، ئول ھەزرەت كۆپىنچە رەسمىي دەرس كىتابلىرىنى ئول جاناب ھۇزۇرىدا مۇتالىئە قىلغان، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى «ئاخۇن» دەپ ئاتار ئىدى. ئۇ ئۇشبۇ كاتتا ۋەقەنىڭ تارىخى توغرىسىدا: زامانىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى ئالەمدىن كەتكەچ «قۇتبى ئەقتاب بېرەپت»[1] ئۇنىڭغا تارىخ بولدى، دېگەنىدى.

ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىر كامالىددىن سۇلتان ھۇسەيىن ئول ھەزرەتنىڭ پەرزەنتى ئورنىدا ئىدى. ئۇ: «مەرىپەت ئىگىسى يەر يۈزىدىن كەتكەچ، مۇقەددەس جەننەتتە ھال ـ ئەھۋال ياخشىلاندى، ئۇ ھايات چېغىدا خەيرلىك ئىشلىرى ئارقىلىق كامالەت تاپقانلىقىدىن، ۋاپات بولۇش تارىخى ‹خەيرۇن كامالۇھۇ›[2] بولدى» دەپ يازغانىدى.

---

[1] «قۇتبى ئەقتاب بېرەپت» سۆزلىرى ئەبجەت ھېسابى بولۇپ، ھىجرىيە 906 (مىلادىيە 1501) ـ يىلىغا تەڭ.

[2] ئەبجەت ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 906 ـ (مىلادىيە 1501) يىلىغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com

پاساھەت ئىگىسى ۋە بالاغەت مەنبەسى بولمىش جاناب مەۋلانە پەسىھىددىن ساھىبدارا مىجەزىنىڭ نازۇكلۇقى بىلەن ئۇلۇغ ھەزرەتنىڭ مۇلازىملىرى ئىچىدە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇستەسنالىق شەرىپىگە ئىگە ئىدى. ئۇ: ئەپسۇسكى ئاسماندەك بۈيۈك ئەمىرنىڭ ئۆمۈر نىھالى يىلتىزى بىلەن يىقىلدى. ئۇنىڭ ماتىمىدە كۆزلەر قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن «خۇنرېزى دىيدە»[1] ئۇنىڭ ۋاپات بولۇش ۋاقتى بولدى، دەپ تارىخ يازدى.

قۇرداشلىرى ئارىسىدا ئۇلۇغ ھەزرەتكە ناھايىتى يېقىنلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تېۋىپلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەۋلانە دەرۋىش ئەلى نەۋائىينىڭ ۋاپات بولۇش تارىخىنى: ئۇ ھەققە يېتىشكەنلەرنىڭ پېشۋاھىنىڭ ماتىمى بىلەن شاھىتىن تارتىپ گادايغىچە بارلىق زامان ئوغۇللىرى ھەسرەت چەكتىلەر. ئۇلۇغ خەلق سەئىدى پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىغا ھىجرەت قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاپات بولۇش تارىخى «ھىجرەت بەرەسسۇل»[2] بولدى، دەپ يازدى.

پازىللار پېشۋاسى مىرمۇنشىي لەقەملىك سەئىد رەھمەتۇللا ئۇلۇغ ئاجايىپ ئىشلارنىڭ ئىگىسى نەۋائىينىڭ يېشىغا تەقلىد قىلىپ 62 دانە تارىخ يازغان.

مەخپىي قالمىسۇنكى، بەدەۋلەت ئالىي ھەزرەتنىڭ ۋاپات بولۇش تارىخى ۋە مەرسىيىسى ھەققىدە زامان شائىرلىرى ۋە پازىللىرى تەرىپىدىن ناھايىتى كۆپ قىتئە ۋە قەسىدىلەر يېزىلغان. ئەمما بۇ پەقىر، گەپنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلاردىن پەقەت يۇقىرىدىكىلەرنىلا كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىپ، كىتابنى قىسقارتتىم.

[1] ئەبجەت ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 906 - (مىلادىيە 1501) يىلىغا تەڭ.
[2] ئەبجەت ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 906 - (مىلادىيە 1501) يىلىغا تەڭ.

# بوۋامنىڭ تەۋسىيىسى

مانا ئوغلۇم، ھەممىنى ئاڭلىدىڭ، پەزىلەت ساھىبى، ئەخلاق ئۈلگىسى ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتنىڭ شەرەپلىك ئۆمرى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىشتىياق باغلاپ، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقتا مۇشتاق بولۇش بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ غېمىگە غەمخان، دەردىگە دەرمان، موھتاجلارغا مېھرىبان بولۇش كەبى ئۇلۇغۋار ئىش ـ ئەمەللەر بىلەن ئۆتكەن. ئالىي ھەزرەت خۇددى ئۆزىنىڭ بېيىتلىرىدا:

ئادەمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىڭكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

*　　　*　　　*

ماڭا كەلسە يۈز ئەلەم، بىر قەتلە پەرياد ئەيلەرەم،
ئەلگە كەلسە بىر ئەلەم، مىڭ قەتلە پەرياد ئەيلەرەم.

دەپ يازغىنىدەك، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق سۈپىتىگە ئىگە بولۇشىغا — كىشىلەرگە ئىنساندەك مۇئامىلە قىلىشىنى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا، ئەل ـ ۋەتىنىگە كۆيۈنۈشىنى، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىشىنى ئەڭ مۇھىم شەرت قىلىپ قويغان. ئۆزى ھەم بۇ ھالال لەۋزىگە بىر

ئۆمۈر سادىقلىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

جاھانغا نەزەر سالساق، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ توم ـ توم كىتابلارنى يازغانلارنى، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ سۆزلەپ، باشقىلارغا ئەقىل كۆرسىتىۋاتقانلارنى كۆپ كۆرىسەن. ئەمما شۇلارنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىدە يازغانلىرى ياكى سۆزلىگەنلىرىدە ئېيتىلغان كەڭ قورساقلىق، سەممىيلىك، خالىسلىق، مەردلىك، شەرم ـ ھايا، ئەدەپ ـ ئەخلاق... دېگەنلەرنى ئۇنچە كۆپ كۆرەلمەيسەن. لېكىن قايسىبىر دانا ئېيتقانكى: «ئالىملار ئىلمىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلمىگە قانچىلىك ئەمەل قىلغانلىقى بىلەن قەدىرلىكتۇر». خۇددى شۇنىڭدەك، ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمۇ دېگىنى بىلەن ئەمەس قىلغىنى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەيلى ئالىملار، ئەدىبلەر ئۇچۇن بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇچۇن بولسۇن ۋە ياكى مەنسەپ ئەھلىلىرى ئۇچۇن بولسۇن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشىدا ئەڭ روشەن ئەينەك بولالايدۇ.

ئوغلۇم، «مەكارىمۇل ئەخلاق» سەھىپىلىرىدە بايان قىلىنغان — نەۋائىي ھەزرەتنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن ئاددىي ئىنسانلىق ئەخلاقى، ئەدىبلىك ئەخلاقى، ئەمەلدارلىق ئەخلاقى، باي ـ مۇلۇكدارلىق ئەخلاقى... قاتارلىقلار نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك جۇلالاپ ھەزرەتنىڭ ئۆمۈر ئاسمىنىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئوبدان ئويلاپ كۆرسەڭ، نەۋائىي ھەزرەت ئاددىي ئىنسان سۈپىتىدە ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆملۈشۈپ ياشايدۇ، شۇ ھالدا ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئادەتتىكى ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك

چىقىشقاقلىق، مۇلايىملىق، ئوچۇق كۆڭۈللۈك، خۇش سۆزلۈك... تەك پەزىلەتلەر تولۇپ تاشقان؛ كەمتەر ئەدىب سۇپىتىدە كۆپ ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش ۋە باش چۆكۈرۈپ ئىزدىنىش ـ ئىجاد قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئىجادىي ھوسۇلى شۇنچە مول بولسىمۇ، داۋرىڭى يوق؛ ئادالەتپەرۋەر ئەمەلدار سۈپىتىدە پادىشاھقا ئاقىلانە مەسلىھەتچى، خەلققە كۆيۈمچان پاسىبان بولۇپ، ھەرقاچان مەملىكەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ. ھەزرەتنىڭ ئەمەلدارلىقتىكى خاسلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ ئەتراپىدىكى توغرا بولسىمۇ، خاتا بولسىمۇ «خوش» دەپلا تۇرىدىغان ئىتائەتمەن ئەمەلدارلارنىڭ ئەكسىچە، ھەرقاچان پادىشاھ چۈشۈرگەن ئەمر ـ پەرمانلارنىڭ ئاۋامغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدا ـ زىيىنىنى ئويلايدۇ. ئاۋامغا زۇلۇم بولىدىغان ۋە شۇ سەۋەبلىك دۆلەتنىڭ پۇقرا كۆڭلىدىكى ئورنىنى تۆۋەنلىتىدىغان ئەمر ـ پەرمانلارنى دەلىل بىلەن رەت قىلىدۇ. مۇنداق چاغلاردا پادىشاھ بىلەن مۇرەسسە قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئاۋامغا خاتىرجەملىك، باياشاتلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئەمر ـ پەرمانلارنى بولسا ھايالسىز ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدۇ. پۇقرانىڭ ھاكىمىيەت تەرەپتىن ئۈزۈلچىلىققا ئۇچرىشىغا ھەرگىز سۈكۈت قىلمايدۇ، يولسىز سىياسەتكە يانتاياق بولمايدۇ...؛ ھىممەت ـ ساخاۋەتلىك باي ـ مۇلۇكدار سۈپىتىدە ھەرقاچان خەير ـ ساخاۋەتنى قولدىن بەرمەيدۇ. بايلىقى بىلەن كېرىلمەيدۇ، كىبىر ـ تەمەننا قىلمايدۇ. ھىممەت داستىخىنى كەڭ، ساخاۋەت ئالىقىنى ئوچۇق، موھتاجلارغا ئىلتىپات ـ مەرھەمەتى ھېسابسىز، ئاجىزلارغا شەپقەت ـ كۆيۈمى چەكسىز...

مۇشۇلارغا قاراپ، ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ : «زامانىنىڭ

ھاتەملىرى سانىلىدىغان ئەرلەر موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يەتكەن، بىناۋالارنىڭ كۆڭلىنى ئالغان، ھەق سۆزنى ئېيتقان كىشىلەرنى ھىمايە قىلالىغان ئەرلەردۇر» دېگەن سۆزلىرىنى نەۋائىي ھەزرەتكە ئىشارە قىلىپلا ئېيتقانمىكىن دەپ قالىمەن. دەرۋەقە، شۇنداق ئەرلەر ھەقىقىي ئەرلەردۇر، شۇنداق ئەرلەر بىزگە ھېلىھەم بەكمۇ كېرەكتۇر!

سەنمۇ ئەر بولۇپ يېتىلىۋاتىسەن، ئوغلۇم، ئېسىڭدە بولسۇنكى، توختىماي چېچىنى تاراپ ياسىنىش بىلەن ئۆزىنى سۆپەتلەيدىغان، ئاياللىرىدىن تارغاق، ئەينەك تالىشىشتىن ئۆزگە ئىشلارغا ئاچچىقلىنىشنى بىلمەيدىغان، ياخشى يەپ ـ ياخشى كىيىنىشنىلا بىلىپ، ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ قائىدىلەردىن يۈز ئۆرىگەن ئەجنەبىيچە ئەرلەردىن بولما. مېھرىڭمۇ بولسۇن، قەھرىڭمۇ بولسۇنكى، مېھىر ـ شەپقەت، مەرھەمەتلىرىڭدىن قېرىنداشلىرىڭ كۆلىدىغان، قەھرى ـ غەزەپ، نەپرەتلىرىڭدىن رەقىبلىرىڭ زارلىنىدىغان بادام دوپپىلىق ئەر بول!

بىر ئالىم: «سەن يا باشقىلار زوقلىنىپ ئوقۇغۇدەك كىتاب ياز ياكى باشقىلار كىتاب قىلىپ يازغۇدەك ئىش قىل» دېگەن ئىكەن. نەۋائىي ھەزرەت بولسا ھەم باشقىلار زوقلىنىپ ئوقۇغۇدەك كىتابلارنى يازدى ھەم كىتاب قىلىپ يازغۇدەك ئىشلارنى قىلدى. دەرۋەقە، ئادەمدە يېتەرلىك جۈرئەت ۋە ھىممەت بولسىلا ئىنسانغا تەئەللۇق ئىمكانىيەتلەر دائىرىسىدە قولىغا يەتمەيدىغان ئىش يوق...

ئۆزۈڭدە تەمكىنلىك، كۆزۈڭدە قەتئىيلىك، يۈزۈڭدە راستلىق، سۆزۈڭدە چىنلىق، ئىشىڭدا توغرىلىق، قەلبىڭدە پاكىزلىق، روھىڭدا خالىسلىق، يۈرىكىڭدە ساداقەت، ۋۇجۇدۇڭدا ئىرادەت پەۋەس بولسىلا مۇراد مەنزىلىڭگە چوقۇم يېتەلەيسەن، ئوغلۇم...!

ماتېرىيال مەنبەلىرى:

1. «نەۋائىي، زامانداشلىرى خاتىرىسىدە» ــ تاشكەنت، غاپۇرغۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

2. بۆرىباي ئەھمېدوف: «تارىختىن ساۋاقلار» ــ تاشكەنت، ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى.

3. «مەكارىمۇل ئەخلاق» ــ سالىھ مۇتەللىپوف نەشرگە تەييارلىغان، تاشكەنت پەن نەشرىياتى 1941 ـ يىل نەشرى.